ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى پەند ـ نەسىھەت، ھېكايە،
پەلسەپىۋى قائىدىلەر

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى

(1)





قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى پەند ـ نەسىھەت ، ھېكايە ، پەلسەپىۋى
قائىدىلەر

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى

1


تۈزگۈچىلەر: شۈ باۋپىڭ
يۈۋ يىشىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت مەمەت
ئەنۋەر ئوبۇل
قەلبىنۇر ھەسەن



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

影响中小学生成长的99个故事. 1：维吾尔文/徐宝平主编；阿布来提·买买提，艾尼瓦尔·乌布利，凯比努尔·艾山译. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.6

ISBN 978-7-5373-1835-8

Ⅰ. ①影… Ⅱ. ①徐… ②阿… ③艾… ④凯… Ⅲ. ①故事一作品集一世界一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I14

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第110920号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾克木

责任校对：古丽巴哈尔·麦麦提依明

影响中小学生成长的99个故事(1)

阿布来提·买买提

译者：艾尼瓦尔·乌布利

凯比努尔·艾山

喀什维吾尔文出版社出版发行

（喀什市塔吾古孜路14号　邮编：844000）

各地新华书店经销

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 1/32开本 5.5印张

2010年6月第1版　2010年6月第1次印刷

印数：1——3000　总定价：35.00元（三册）

如有质量问题，请与我联系调换　电话：0998_2290930

# كىرىش سۆز

بىز ئەزەلدىن بالىلارنى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشىتىپ، بۇ قەغەزگە ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. لېكىن، رەسىملەرنى زادى كىم سىزىدۇ؟ بالىلارنى بىر پارچە ئاق قەغەز دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، مەيلى ئائىلە باشلىقلىرى، مۇئەللىم ۋە باشقىلار بولسۇن، ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ قەغەزگە رەسىم سىزالايدۇ. بۇنى بالىلارغا ياردەملىشىش، بىرنېمە ئۆگىتىش دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق ۋاقىتلاردا بالا پەقەت تەربىيەلەنگۈچىلا بولىدۇ، خالاس.

ئەمما، بالىلار ئەقىل بۇلىقى تېخى ئېچىلمىغان مۇستەقىل تىرىك جان. بالىلارنى تەربىيەلەشتە بالىلارنىڭ مېڭىسىگە نېمىنى سىڭدۈرۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىلا بار بولغان ئەقىل-پاراسىتىنى ئېچىش ۋە نۇرلاندۇرۇش كېرەك. ئەقىل-پاراسىتى ئېچىلغان ۋە نۇرلانغان بالىلار دۇنيا توغرىسىدا ئىزدەنگەن ۋاقىتتا، مۇئەللىم، ئائىلە باشلىقى ۋە باشقا كىشىلەر بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىدىكى ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. تەربىيەلىگۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە بىلىشىگە ياردەم بېرىش، شۇڭلاشقا تەربىيەلىگۈچى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بەرگۈچى بولۇشى كېرەك.

تەربىيەنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئۆزئارا چۈشىنىشتە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق مائارىپچىسى تاۋ شىڭجى ئەپەندى: «ھەقىقىي تەربىيە ئوي-پىكىرنىڭ بىر يەردىن چىقىشى بولۇپ، قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان تەربىيەلا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدۇ» دەپ ئېيتقان. دېمەك، تەربىيە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك.

بالىلار ئەركىن پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بالىلارنى تەربىيەلەشتە ئالدى بىلەن بۇ خىل ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش، بالىلارنى ئۆزلىرى خالاپ ئۆگىنىدىغان قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان، بىلىم ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغان بولىدۇ.

ئەمما، قايسى ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھېكايە دەرسخانىسىدىن ئىبارەت.

ھېكايە — ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەربىيەلەش ۋاسىتىسى بولۇپ، ھېكايىدىكى يوشۇرۇن، ئۈنسىز تەربىيە دەرسخانىدىكى سىڭدۈرمە تەربىيەدىن ئۈنۈملۈك. ئەگەر ھېكايىدىن ئىبارەت بۇ دەرسخانىدىن ياخشى پايدىلىنىلسا، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شادخۇراملىققا تولىدۇ، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا، كۆپىنچە كىچىككىنە بىر ئىش ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئوخشاشلا ئىنسانىي خىسلەت بىلەن يۇغۇرۇلغان كىشىلىك تۇرمۇشقا دائىر پەلسەپىۋى ھېكايىلارمۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

ھېكايە ۋەقەلىكى ئىچىدە تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئۆزىنى تونۇشىغا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى قەدىر-قىممىتىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالىلار جەمئىيەتتىكى ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنى كۆرۈپ يېتەلمىگەندە، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. بالىلارنى ھېكايە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش، بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە قىلىشتىكى مەقسەت بالىلارنىڭ رېئال دۇنيادىن ئىبارەت بۇ سىرلىق كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلىشى ئۈچۈندۇر.

بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ ئۈزلۈكسىز توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، بالىلارنىڭ ھېكايىدىكى تەلەپلىرىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. بالىلار ھېكايە ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا بارا-بارا تېخىمۇ ئېنىق نىشانغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارغا ھېكايىدىن بەھرىلىنىش شەكلى ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىتىپ، بالىلارنىڭ توغرا ھەرىكەت نىشانى، توغرا قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، قولىڭىزدىكى «ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى» ناملىق بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇق. بالىلارنىڭ ھېكايە دېڭىزىدا قانغۇچە سەيلە قىلىشىنى، ھېكايە ئاسمىنىدا بەھۇزۇر پەرۋاز قىلىشىنى، ھېكايە دەرسخانىسىدا بىلىم ئېلىشىنى، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھېكايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەقىل- پارا-

ستىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ ئەقىل- پاراستىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قارىشىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ قارىشىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئادىتىڭىزمۇ ئۆز- گىرىپ بارىدۇ؛ ئادىتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خاراكتېرىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ خاراكتېرىڭىزنىڭ ئۆز- گىرىشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ھېكايە كىشىلىك ھاياتنىڭ باشلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمە- سىمۇ، ئاخىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە نەشر قىلىنىشىغا قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ لىدىرى ئىبراھىم سەمەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولدى، قەشقەر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئابلەت جۇمە تۇپراق ھەمكارلاشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن

2006- يىل يانۋار

# مۇندەرىجە

## داڭلىق شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە


پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان بوش ............ 2
تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلغان ناپولېئون ......... 6
ئېينىشتېيننىڭ باللىق دەۋرى .............. 11
ئىگىسى يوق نەشپۈتنى يېمىگەن شۆي خېڭ ...... 16
ئىجتىھاتلىق خۇا تو ................ 20
شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن نيۇتون ........... 30
ئېگىلمەس خەيرۆي ................ 35
كۆزى ئۆتكۈر دارۋىن ................ 39
شاڭياڭنىڭ خادا تىكلەپ ئىشەنچكە ئېرىشىشى ... 44
قىيىنچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغان گوركىي ........ 49
لېنىننىڭ نەزىرىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىش .. 55
ۋاشىنگتون ۋە گىلاس كۆچىتى .............. 59
جۇ ئېنلەينىڭ «ئۆردەك كاۋىپى» دىپلوماتىيىسى ..
«گاچا»دىن «پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر بالا»غا ئايلانـ
ـغان ۋاڭ ياڭمىڭ ................ 66 / 73


## ئادەم بولۇش يوللىرى


مىخ ........................ 82
دىنىي قائىدە .................. 86

ئالتۇن تىلەش ........................ 90
بىھوش قىلغۇچى ئوت-چۆپ ..................... 99
ساختىلىقنى قوغلىشىش .................. 104
ئۆزىڭىز توغرا دەپ ئويلىغان يولدا مېڭىڭ ......... 110
ساختا غوجىدار .......................... 114
كىم سىناققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ .............. 122
بەدەل تۆلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ................ 132
كونا ئاياغ ............................ 136
بىر جۈپ جىمغۇر ئەر-خوتۇن ................ 141
ئەركىنلىك ئەڭ قىممەتلىك .................. 146
ئەينەك پارچىسى قاچىلانغان ساندۇق ............ 152
مەڭگۈ ئارام ئالمايدىغان جىن ................ 157
پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسى دوست بولغان ۋاقىتتا ... 162

# داڭلىق شەخسلەر ھەققىدە
# ھېكايە

# پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان بۇش

ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى جورجى بۇش پىرىنسىپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ «بىر دېگەن بىر، ئىككى دېگەن ئىككى» دېگەن پىرىنسىپتا چىڭ تۇراتتى. ئۇ ھاۋا ئارمىيە 1-نومۇر دېگەن ھاۋا ئارمىيە 1- نومۇر، ھاۋا ئارمىيە 2- نومۇر دېگەن ھاۋا ئارمىيە 2-نومۇر، «پەقەت زۇڭتۇڭلا ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىققا قونسا بولىدۇ» دەپ قارايتتى.

1981- يىلى ئەتىيازدا، ئەينى ۋاقىتتا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بۇش بىر قېتىملىق ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىش سەپىرىدە «ھاۋا ئارمىيە 2- نومۇر» ناملىق ئايروپىلاندا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى گېگىل ۋاشىنگتوندا تۇرۇپ: «چاتاق چىقتى، دەرھال ۋاشىنگتونغا قايتىڭ» دەپ تېلېفون قىلىدۇ. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن بۇشقا بىر پارچە مەخپىي تېلېگىراممىا كېلىپ، زۇڭتۇڭ رېگىننىڭ ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلىنىپ، ھازىر ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىنىڭ ئوپېراتسىيەخانىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان ئارقىغا بۇرۇلۇپ، پايتەخت ۋاشىنگتونغا قاراپ ئۇچىدۇ.

ئايروپىلان ئاندىرىيوٗسقا قونوٗشتىن 45 مىنوٗت ئىلگىرى، بوشىنىڭ ھاۋا ئارمىيە موٗھاپىزەتچىسى پودپولكوۋنىك جون ماشىنى ئايروپىلانىنىڭ ئالدى بوٗلوٗمچىسگە كىلىپ سەپەرنى تاماملاشقا تەييارلىنىدوٗ. ئايروپىلان ئاستا- ئاستا توٚۋەنلەۋاتقاندا، ماشىنى ئوٗشتوٗمتوٗت بىر ئىشنى ئىسىگە ئىلىپ:

— ئەگەر قائىدە بويىچە ئاندىرىيوٗسقا قونغاندىن كىيىن، دىڭىز ئارمىيىسىنىڭ قوٗروٗقلوٗقتا جەڭ قىلغوٗچى قىسمىنىڭ تىك ئوٗچار ئايروپىلانىغا ئولتوٗروٗپ، موٗئاۋىن زوٗڭتوٗڭ قوروٗسىغا يىقىن جايدىكى چىملىققا قونوٗپ، ئاندىن ماشىنىغا ئولتوٗروٗپ ئاقسارايغا بارساق نوٗرغوٗن ۋاقىت ئىسراپ بولىدوٗ. ئوٗنىڭدىن كوٚرە ئايروپىلان بىۋاستە ئاقسارايغىلا ئوٗچسوٗن،— دەيدوٗ.

بوش سەل ئويلانغاندىن كىيىن، بوٗ جىددىي قايتىش پىلانىدىن ۋاز كىچىشنى، يەنىلا قائىدە بويىچە ئىش كوٚروٗشنى قارار قىلىدوٗ.

— بىز يىتىپ بارغان چاغدا شەھەر قاتنىشى ئەڭ قىستاڭچىلىق مەزگىل،— دەيدوٗ ماشىنى ئەسكەرتىپ، — كوچىلاردا قاتناش ئىنتايىن قىستاڭچىلىق، ماشىنىغا ئولتوٗروٗپ ئاقسارايغا بىرىشقا توغرا كەلسە 10 — 15 مىنوٗت ئارتوٗق ۋاقىت كىتىدوٗ.

— بەلكىم شوٗنداقتوٗ، ئەمما بىز چوقوٗم موٗشوٗنداق قىلىشىمىز كىرەك.

ماشىنى بىشىنى لىڭشىتىپ:

— بولىدوٗ، ئەپەندىم، — دەپ بوٚلوٗمچىگە كىرىپ

كەتمەكچى بولىدۇ.

پودپولكوۋنىك ماشىنىنىڭ شۈبھىلەنگەن ھالىتىنى كۆرگەن بوش چۈشەندۈرۈپ:

— پودپولكوۋنىك جون، پەقەت زۇڭتۇڭلا جەنۇبتىكى چىملىققا قونسا بولىدۇ، — دەيدۇ. بوش ئامېرىكىدا پەقەت بىرلا زۇڭتۇڭ بار، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ زۇڭتۇڭ ئەمەس دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە زۇڭتۇڭ بىلەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش ئاساسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەتلەشنىڭ ئورنىتىلىشى بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مۇئاۋىن زۇڭتۇڭنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى دەپ قارىلاتتى.

【تەسىرات】

## پىرىنسىپ — ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى

«ئامېرىكىدا پەقەت بىرلا زۇڭتۇڭ بار، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ زۇڭتۇڭ ئەمەس» دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىڭ ئۆزى بوشنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان پەزىلىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئادەم بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزگە تەۋە بولمىغان ئورۇندا ئولتۇرمىساق، ئۆزىمىزگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى ئالمىساق، «ئۆزىمىزگە راۋا كۆرمىگەننى، خەققىمۇ راۋا كۆرمىسەك»، كىشىلەر

بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچ ئاساسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت ئورناتساق، ئۇنداقتا پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ئىناق- ئىتتىپاق بولغان بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىشەنچكە ئېرىشكىلى، بەختنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئادەم بولۇشنىڭ مانا بۇ ئاساسىنى ئىگىلىيەلىسىڭىز، سىز چوقۇم ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسىز.

# تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلغان ناپولېئون

ناپولېئون نامرات كورسىكا ئارىلىدىكى بىر زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ئۇنى بىر ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن باي بولغاچقا، ئۇنى ساۋاقداشلىرى دائىم نامرات دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. ناپولېئوننىڭ بۇ ئىشلارغا ئاچچىقى كەلسىمۇ، كۈچ ۋە ھەيۋە ئالدىدا باش ئەگمەي ئامالى يوق ئىدى. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە تولۇق بەش يىلنى چىداپ ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، مۇشۇ بەش يىل جەريانىدىكى ھەربىر قېتىملىق مازاق قىلىنىش، بوزەك قىلىنىش، كەمسىتىلىش ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ھامىنى بىر كۈنى مۇشۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قەسەم قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەمما، يالغۇز ئىرادە بولغان بىلەنلا بولمايدۇ، چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ناپولېئون كۆڭلىدە يوشۇرۇن پىلان تۈزۈپ، ئاشۇ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ھاكاۋۇر كىشىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى بايلىق، نام-ئابروي ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ.

ئۇ 16 ياشقا كىرىپ كەنجى لېيتنانت بولغان يىلى يەنە بىر زەربىگە ئۇچرايدۇ، يەنى ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئازغىنە مائاشىنى ئىقتىساد قىلىپ، ئانىسىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ تۇنجى ھەربىي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئىنتايىن ئۇزۇن ئارىلىققا پىيادە يۈرۈپ، چوڭ قوشۇنغا قاتنىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمما، ئۇ چوڭ قوشۇنغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھەمـ-ـراھلىرىنىڭمۇ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاشلا ئارتۇق ۋاقتىنى ئويۇن- تاماشىغا سەرپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. قوشۇن ئىچىدە ئۇنىڭ كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان جۇغى ئۇنى ئىېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىگە ئېرىشىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلسا، ئۇنىڭ نامراتلىقى كېيىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىدىنمۇ ئايرىپ قو-يىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇپ، تىرىشىپ ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىش قارارىغا كېلىدۇ. كىتاب ئوقۇش نەپەسلەنگەنگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ پۇل خەجلىمەيلا كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيالايتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشەتتى.

ئۇ ھەرگىزمۇ ئەھمىيىتى يوق كىتابنى ئوقۇمايتتى، شۇنداقلا كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشـۇ-قىنى چىقىرىش مەقسىتىمۇ يوق ئىدى، بەلكى ئۆز غايىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ

كىتاب تاللىغاندا مۇشۇ ئىرادىسى بىلەن كىتابلارنىڭ دائىرىسىنى كونترول قىلاتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ھەم كىچىك، ھەم دىمىق بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدە، يۈزىدە قان دىدارى قالمىغان، يالغۇز ۋە زېرىكىشلىك ھالەتتە ئۆتەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ توختىماستىن كىتاب ئوقۇيتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىت، بوشاشماس قەتئىي ئىرادە ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن بىرنەچچە يىل كىتاب ئوقۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

نەچچە يىللىق جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كىتابتىن تاللاپ كۆچۈرۈپ ئالغان خا-تىرىلىرى 400 نەچچە بەت چىقتى. ئۇ ئۆزىنى بىر باش قوماندانغا ئوخشىتىپ، كورسكا ئارىلىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئۇ جاي-لارغا قانداق مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىشىدىكى بىر پۇرسەت بولۇپ قالدى.

باشلىقى ناپولېئوننىڭ بىلىمىنىڭ ئىنتايىن مولluقىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەشىق مەيدانىدىكى كۈچلۈك ھېسابلاش ئىقتىدارى تەلەپ قىلىنىدىغان خىزمەتكە ئەۋەتتى. ئۇ ۋە-زىپىنى ئىنتايىن ياخشى ئورۇنداپ يېڭى پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچكە ئېرىشىش يولىغا قەدەم باستى.

كېيىن ھەممە ئۆزگەردى. ئىلگىرى ئۇنى مازاق قىلغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇ ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسىدىن ئازراق نەپ تېگىشنى

ئارزۇ قىلىپ تۇرۇۋشىدىغان بولدى؛ ئىلگىرى ئۇنى كەم-سىتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىشتى؛ ئىلگىرى ئۇنى پاكار، يارامسىز، كىتاب خالتىسى دەيدىغانلار ھازىر ئۇنى ھۆرمەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سادىق ھىمايە قىلغۇچىلىرىغا ئايلاندى.

【تەسىرات】

## بوشاشماس قەتئىي ئىرادە زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلارنىڭ ئىپسىل پەزىلىتى

ناپولېئون بۇ خىل ئۆزگىرىشنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرغان؟ ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل — ئۇنىڭ تىرىشىپ بىرنەچچە يىل كىتاب ئوقۇغانلىقىدا. ئۇنىڭ بوشاشماس قەتئىي ئىرادىسى بولغاچقىلا، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان.

زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلار ھازىرلىغان ئىپسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى — قەتئىي ئىرادە. ئۇلارنىڭ ھارغىنلىق ھېس قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ، بىراق قەتئىي داۋام-لاشتۇرۇپ، بەرداشلىق بېرىدىغانلىلا بولسا قىيىن ئۆتكەل-دىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق، بو-شاشماس قەتئىي ئىرادە بولمىسا، قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولمايدۇ، بەلكىم قىيىنچىلىق بىزنى زور ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىدا توسۇپ قېلىشى مۇمكىن.

سىز قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزدە، باتۇرلۇق بىلەن قىيىنچىلىققا قارىتا جەڭ ئېلان قىلامسىز ياكى تۈگۈلۈ-ۋېلىپ، بەدەر قاچامسىز؟ ياكى بوشاشماس قەتئىي ئىرا-دىڭىز بىلەن تاقابىل تۇرامسىز؟

كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار، داڭلىق ئەربابلار بىلەن ئاددىي ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زور پەرق ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز-لىقىدا. بىر نىشاننى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، سىز چوقۇم ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشىڭىز، كۈرەش ئىچىدە مۇۋەپپە-قىيەت قازىنالمىسىڭىزمۇ، كۈرەش ئىچىدە ھالاك بولۇشىڭىز كېرەك. بۇ خىسلەتنى يېتىلدۈرسىڭىزلا، سىز بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايسىز.



# ئېينشتېيننىڭ بالىلىق دەۋرى

ئېينشتېين كىچىكىدىن باشلاپلا تەپەككۇر قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمىشە باشقىلار ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى ئويلايتتى، قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلاتتى.

بىر كۈنى ئېينشتېين پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. دادىسى ئۇنىڭغا يېقىندىن سېتىۋالغان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمنى تامغا ئېسىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ شوتىنى تامغا تىرەپ، ماي بوياق رەسىمنى كۆتۈرۈپ، ئۆزى شوتىغا يامىشىدۇ، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا كىتابتا بولغاچقا، ئېھتىياتسىزلىقتىن شوتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، كاسىسى قاتتىق ئاغرىپ كېتىدۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ، كاللىسىدا: ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشسە يانتۇ يۆنىلىشتە يىقىلماستىن، تىك يۆنىلىشتە يىقىلىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئۇ دادىسى ۋە ئانىسىدىن بۇ سوئالنى يېنىش- يېنىشلاپ سورايدۇ، دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ مەسىلە دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئەگىپ كېتەلمەي، ئۇنى توختىماي كۆزىتىشكە، تەجرىبە قىلىشقا، ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇ فىزىكا ئىلمىدىكى «جىسىم قارشىلىق كۈچى ئەڭ كىچىك

بولغان يۆنىلىشنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن دەۋر بۆلگۈچ قانۇنىيەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئېينىشتېين باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ مۇئەللىمى دەرسخانىدا قوشۇش ئەمىلىنى ئۆگىتىۋاتاتتى. مۇئەللىم ئىككى قولىغا بىردىن ئالمىنى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن:

— بىر ئالمىغا بىر ئالمىنى قوشسا قانچە ئالما بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى بولىدۇ، — ئوقۇغۇچىلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بېرىپتۇ.

مۇئەللىم دەرھال دوسكىغا 1+1=2 دەپ يېزىپتۇ.

ئېينىشتېين قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، 1 گە 1 نى قوشسا يەنىلا 1 بولىدۇ، — دەپتۇ.

ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ئېينىشتېين قىلچە تەمتىرىمەستىن، يانچۇقىدىن ئىككى تال يۇمشاق كەمپۈتنى چىقىرىپ، ئۇلارنى كۈچەپ مىجىپ بىر قىپتۇ ۋە:

— قاراڭلار، 1 گە 1 نى قوشسا يەنىلا بىر بولدىغۇ؟ — دەپتۇ.

ساۋاقداشلىرى بىرھازا داڭقېتىپ قېلىشقاندىن كېيىن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

مۇئەللىمى مۇلايىملىق بىلەن:

— ئىككى تال كەمپۈتنى بىرلەشتۈرسەڭ بىر تال بولىدۇ، لېكىن ئۇ چوڭ بىر تال كەمپۈت بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئېينشتېين:

— چوڭ بولسمۇ بىرگە تەۋە-دە! — دەپتۇ.

مۇئەللىمى ئېينشتېيننىڭ سوئالىغا تۇتۇلۇپ قېلىپ، قولىنى كېرىپ، مۈرىسىنى قىسىپ، ئاستاغىنە:

— توغرا، چوڭ بولسمۇ بىرگە تەۋە... — دەپ غۇدۇراپ قويۇپتۇ.

بىر قېتىملىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسىدە ساۋاقداشلار بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەقىل-پاراستىنى ئۆزىنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىدە ئىپادىلىمەكچى بوپتۇ، دەرستىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا، بەزىلىرى سېغىزدا ياسىغان ئۆردەكنى، بەزىلىرى لاتا-پۇرۇچلاردا ياسىغان قونچاقلىرىنى، يەنە بەزىلىرى رەڭلىك شاملاردا ياسىغان مېۋىلەرنى تاپشۇرۇپتۇ، پەقەت ئېينشتېينلا ھېچنېمە تاپشۇرماپتۇ.

ئەتىسى مۇئەللىمنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى بىلەن ئېينشتېين بىر دانە ئاددىي ۋە كۆرۈمسىز ياسالغان كىچىك ئورۇندۇقنى تاپشۇرۇپتۇ. مۇئەللىم بۇنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ كۆرۈمسىز ئورۇندۇق بارمۇ؟ — دەپتۇ، ساۋاقداشلىرى ئېينشتېينگە مەسخىرە ئارىلاش قارىشىپتۇ.

ئېينشتېين ئورنىدىن تۇرۇپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— بار، بۇنىڭدىنمۇ سەتلىرى بار! — دەپتۇ-دە، پارتىنىڭ ئىچىدىن ئىككى دانە تېخىمۇ كۆرۈمسىز كىچىك ئورۇندۇقنى چىقىرىپتۇ ھەمدە چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپ، — بۇ

ئىككىسىنى مەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىم ياسىغان. هازىر تاپشۇرغىنىم ئۈچىنچى قېتىم ياسىغىنىم، گەرچە ئۇ باشقىلارغا يارىغۇدەك ياسالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئالدىنقى ئىككىسىدىن ياخشىراق، — دەپتۇ.

مۇئەللىم ئۈچ دانە ئورۇندۇقنى قولىغا ئېلىپ، بىرھازا قارىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ بالا قالتىسكەن، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى ئادەملەردە تېپىلمايدىغان قەدىرلىگۈدەك خىسلەت بار ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

【تەسرات】

## ئەقىل ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ئېينىشتېيىننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىشلىرىدىن بىز شۇنداق تەسراتقا كېلىمىز: زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان كىشىلەر بىر خىل ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈش كۈچىگە، ئىجادچانلىققا، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ۋە ئىلهاملاندۇرۇش كۈچىگە تايانغان بولۇپ، بۇلار بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تىرىكى ۋە ياراتقۇچىسىدۇر.

ئەگەر بىز كىچىكىمىزدىن مېڭە ئىشلىتىشكە، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماهىر بولۇشتەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرسەك، ئۆزىمىزدە بار بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ، ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

بىراۋ مۇنداق دېگەنىكەن: «مەقسەتسىز ئوي- پىكىر

خۇددى گۈللۈكتىكى بىر پارچە مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ، ئەگەر پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇرۇقىنى چاچمىسىڭىز، پەقەت ياۋا ئوت - چۆپلەرلا ئۆسۈپ چىقىدۇ».

«باشقىلار ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى ئويلاش، باشقىلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىش» چوقۇم بىر كۈنى ئاشۇ مۇنبەت تۇپراقتىن مول مېۋىلەرنى بەرگۈزىدۇ.



# ئىگىسى يوق نەشپۈتنى يېمىگەن شۈي خېڭ

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شۈي خېڭ ئىسىملىك بىر ياش ئۆتـ-ـكەنىكەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە تىرىشچان بولغاچقا، شۇ جايغا داڭقى تارقىلىپتۇ.

بىر قېتىم شۈي خېڭ يالغۇز سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇ دەل تومۇز كۈنلىرى بولۇپ، كۈچلۈك قۇياش خۇددى ئوت شارىغا ئوخشاش يەر- زېمىننى قىزىتىۋەتكەنىدى. شۈي خېڭ ئۇزۇن يول يۈرگەچكە چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، ئېغىزلىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ سالقىنراق بىر جاينى تېپىپ، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشنى، سۇ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ مېڭىپتۇ- مېڭىپتۇ، ئاخىر بىرقانچە سېتىقچىنىڭ چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا سايىدا-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سېتىقچىلار تەرلەپ، ئۇسساپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر تامچىمۇ سۇ تاپالمىغانىكەن.

بۇ ۋاقىتتا يىراقتىن بىر ئادەم بىرنەرسىنى قولتۇقلىغان پېتى بۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەچ، يۇقىرى ئاۋازدا: «ھەي، ئالدى تەرەپتە نەشپۈت دەرىخى بار ئىكەن، كۆپچىلىك دەرھال كېلىپ ئۈزۈڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. سېتىقچىلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ شۇ تەرەپكە قاراپتۇ. راست

دىگەندەك ئۇنىڭ قولىدا ئادەمنىڭ نەپسىنى تاقىلداتقۇدەك چوڭ نەشپۈتتىن بىرنەچچىسى تۇرغۇدەك. ئۇ يېتىپ كېلىشىگىلا، ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ-دە، نەر-سە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، نەشپۈت ئۈزۈش ئۈچۈن ئالدىرىشىپتۇ. بىراق، شۆي خېڭ مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپتۇ.

شۆي خېڭنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان بىر سېتىقچى:

— سىز نېمە ئۈچۈن نەشپۈت ئۈزگىلى بارمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شۆي خېڭ:

— نەشپۈتنىڭ ئىگىسى بارمىكەن؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىغانىكەن، سېتىقچىلار:

— ئىگىسى يوقكەن، ئەمما ھاۋا بۇنچە ئىسسىق تۇرسا، بىرنەچچە تال نەشپۈت ئۈزۈپ يەپ ئۇسسۇز-لۇقىمىزنى قاندۇرساق بولمايدىغان نەرى بار؟— دەپتۇ. شۆي خېڭ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— ھازىر نەشپۈتنىڭ ئىگىسى يوقكەن، ئەجەبا سى-لەرنىڭ ۋىجدانىڭلارنىڭمۇ ئىگىسى يوقمۇ؟ مېنىڭ ۋىجدا-نىمنىڭ ئىگىسى بار، ئۆزۈمنىڭ بولمىغان نەرسىنى ئىگى-سىنىڭ رۇخسىتىسىز ھەرگىز ئالمايمەن، — دەپتۇ.

سېتىقچىلار شۆي خېڭنىڭ سۆزىگە پەرۋامۇ قىلماي، تۇشمۇتۇشتىن بىرىپ نەشپۈت ئۈزۈپ يېيىشىپتۇ. شۆي خېڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، نائىلاج يالغۇز يول يۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ پىژغىرىم ئىسسىق ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇققا چىداپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئەمما، نەشپۈت ئۈزۈپ يېگەن سېتىقچىلار بەس-بەس بىلەن ئۇنى ئەخمەق، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان دەپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ.

شۈي خېڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ پىرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى قانداق شارائىتتا بولسۇن، ئىجتىهات بىلەن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغاچقا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى داڭلىق ئۆلىماغا ئايلىنالىغانىكەن.

【تەسىرات】

## ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئارقىلىق «ئۆزلۈك» قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

شۈي خېڭنىڭ «ئىگىسى يوق نەشپۈتنى يېمىگەنلىكى» ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى سوراش پەزىلىتىدۇر. بۇ خىل پەزىلەت ئادەمنىڭ مەنىۋى تەربىيەلىنىشىنىڭ يۈكسەكلىكى بولۇپ، ئادەم بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ ئىناق بىرىكىشىدۇر. ئادەم ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىنى كونترول قىلىشى، ھەر ۋاقىت قىلغانلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش نەتىجىسىدە مەڭگۈ قەدىر-قىممىتى يوقالمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشى كېرەك. بۇمۇ «ئۆزلۈك» قىممىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيەتتە مەنپەئەت پىكىر ئېقىمى يامراپ، نۇرغۇن

كىشىلەر نام- ئابروي قوغلىشىپ، مەنپەئەت ئۈچۈن ياشايدىغان كەيپىيات شەكىللەندى، نەتىجىدە ھەق- ناھەق ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ، نورمال ئادەملەر بىنورمال ئادەم دەپ قارىلىدىغان، ئەكسىچە بىنورمال ئادەملەر نورمال ئادەم دەپ قارىلىدىغان بولدى. بۇ سەۋەبلىك ئاشۇ ئاتالمىش ئەقىللىق ئادەملەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئەقلى تەرىپىدىن خاتالاشماقتا، ئۇلار جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئۆزىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالماقتا. بۇنداق ئىشلار كۆندە دېگۈدەك يۈز بەرمەكتە......

ھازىر ئىنسانلاردا يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاق كىرىزىسى ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىنى كونترول قىلىشنىڭ كەم بولۇشىدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. كىشىلەر جېنىنىڭ بارىچە ماددىي مەنپەئەتنى قوغلىشىش بىلەن بىرلىكتە، مەنىۋى دۇنياغا بولغان ئىزدىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، ماددىي ۋە مەنىۋىلىكنى قوغلىشىشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ يامانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. تەقدىم قىلىش روھى يوق، ئىچى تار، باشقىلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، جاپا- مۇشەققەتكە چىدىمايدىغان، باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىغان كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

## باشقىلاردىن ئېجتىھاتلىق خۇا تو

خۇا تو ــــ داڭلىق مېدىتسىنا ئالىمى، ئۇنىڭ داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىللىق بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئېجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئېجتى-ھات بىلەن ئىزدەنگەنلىكىدە.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى كەينى- كەينىدىن ئۇرۇش بولۇپ، خەلق ئاممىسى تەس كۈنگە قاپتۇ، يەنە كېلىپ ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، سان-سىزلىغان پۇقرالار ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خۇا تو تۇرۇشلۇق پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەر ۋابا كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپتۇ، لېكىن بىرمۇ تېۋىپ بۇ كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتالماپتۇ، كىچىك خۇا تونى ئاتا-ئانىسى تاغ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ قويغاچقا، ئۇ يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىپ قاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ، ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋابا كېسىلى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلغىنىغا خۇا تو ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ. ئۇ ئاشۇ زالىم ئەمەلدارلارنىڭ بىرىنىڭمۇ خەلقنىڭ ئاھۇ زارىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپتۇ؛ بىرمۇ تېۋىپنىڭ ئاشۇ ۋابا كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنى ساقايتالمىغانلىقىغا غەزەپلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشى تېۋىپ بولۇپ ئاشۇ نامرات پۇقرالارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىشقا بەل باغلاپتۇ.

خۇا تو يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى سەي فامىلىلىك داڭلىق تېۋىپنىڭ داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ ئىنتايىن ئۇستۇنلۇكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشنى قارار قىپتۇ. ئۇ سەپەر بوغچىسىنى يۈدۈپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، سەي تېۋىپنى تېپىپتۇ. ئەمما، سەي تېۋىپنىڭ شاگىرت قوبۇل قىلىشتىكى تەلىپى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، تېبابەتنى ئۆگىنىش ئىرادىسى بولۇشتىن باشقا، ئىنتايىن پاراسەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەر قېتىم بىرقانچە سوئال چىقىرىپ ئۆزىنى ئۇستاز تۇتقىلى كەلگەنلەردىن ئىمتىھان ئالىدىكەن.

خۇا تو سەي تېۋىپنىڭ كەنتىدە بىرنەچچە كۈن تۇ- رۇپتۇ، ئۇستاز تۇتقىلى كەلگەنلەر كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەي تېۋىپنىڭ ئىمتىھانىغا قاتنىش- قىلى بېرىپتۇ. ئۇ كۈنى سەي تېۋىپ ئىشىك ئالدىدىكى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەر مېنى ئۇستاز تۇتماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقنى ئېلىپ چۈشۈڭلار، لېكىن شوتا ئىشلىتىشكە، دەرەخكە يامىشىشقا بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇستاز تۇتقىلى كەلگەنلەر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزىلىرى ھاڭ-تاڭ بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ، بە- زىلىرى ئۇياق- بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشۈپتۇ، بەزىلىرى ئاھ

ئۇرۇپ خورسىنىپتۇ. پەقەت خۇا تولا ئاشۇ دەرەخنى چۆر-
گىلەپ ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىپتۇ. سەي تېۋىپ
خۇاتونىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن:
— ئىنىم، سەن چارە تاپالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
خۇا تو جاۋاب بەرمەي، ھېلىقى يەرگە قاراپ تۇرۇ-
ۋېرىپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىز پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپتۇ-دە:
— تاپتىم! — دەپتۇ ۋە سەي تېۋىپتىن بىر تال ئار-
غامچا سوراپ، تامنىڭ بۇلۇڭىدىن ئىككى پارچە تاشنى
تېپىپ كېلىپ، ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلاپتۇ، ئار-
غامچىنىڭ بىر ئۇچىنى دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى شاخقا قارى-
تىپ كۈچەپ ئېتىپتۇ، دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلار
بىردەمدىلا چۈشۈشكە باشلاپتۇ.
سەي تېۋىپ بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن:
— ياخشى چارىكەن! — دەپ ماختاپتۇ ۋە خۇا تونىڭ
تېبابەتنى ئۆگىنىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېنىق سورىۋالغان-
دىن كېيىن، بۇ شاگىرتنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىپتۇ.
سەي تېۋىپ خۇا تونى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭغا داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ،
ئۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھويلا- ئاراملارنى تازىلاشقا،
چۈشتىن بۇرۇن دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يانجىپ ئۇۋاشقا،
چۈشتىن كېيىن دورا قاينىتىپ، بىر قاچا- بىر قاچىدىن
بىمارلارغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇپ، تاكى تۈن يېرىمغىچە
ئالدىراش ئىشلىتىپ، ئاندىن ئۇخلاشقا بۇيرۇپتۇ. باشقا

شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ ئۆزلىرىگە داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگەتمەي، ئىشلا قىلدۇرۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بوپتۇ، ئەمما خۇاتو پەقەتلا نارازىلىق بىلدۈرمەپتۇ، بەلكى ھەر كۈنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆگىنىپتۇ.

ئىككى ئايدىن كېيىن سەي تېۋىپ خۇا تونى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:

— خۇا تو، سەن بۇ يەرگە كەلگىلى قانچىلىك بولدى؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئۇستاز، شاگىرتلىرى بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى ئاي بولۇپ قالدى، — دەپتۇ خۇاتو تەكەللۇپ بىلەن. سەي تېۋىپ يەنە:

— ئۇنداقتا سەن بۇ ئىككى ئايدا نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. خۇا تو:

— گەرچە ئۇستاز ماڭا داۋالاش تېخنىكىسىنى بىۋاستە ئۆگەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەن ھەر قېتىم دورا ئەزگەن ۋاقتىمدا، ئۇ دورىلارنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تەمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تېتىپ باقتىم، رېتسېپىنىڭ قانداق تەييارلىنىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىۋالدىم. ھەر قېتىم بىمارلارغا دورا ئاپىرىپ بەرگەچ بۇ بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى، قايسى دەرىجىدىكى كېسەللىككە قانچىلىك مىقداردا دورا يەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ دورا ئىچكەندىن كېيىن كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولغان-بولمىغانلىقىنى كۆزىتىپ بىلىۋالدىم، — دەپتۇ.

سەي تېۋىپ بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا:

— هه، هەقىقەتەن ئىجتىھاتلىق بالىكەنسەن. هەقىـ
ـقەتەن تالانتىڭ باركەن. ئەتىدىن باشلاپ مەن بىلەن
بىرگە كىسەل كۆرۈشكە چىققىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خۇا تو بىر تەرەپتىن ئۇستازىغا يارـ
دەملىشىپ بىرقانچە ئاساسلىق خىزمەتلەرنى، مەسىلەن
دورا جىگىلاش، دورا يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئىشـ
ـلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازىغا ئەگىشىپ كېسەل
كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۇستازىنىڭ هەر قېتىم كېسەل كۆرگەندىكى
دىياگنوز قويۇش جەريانىنى ئەستايىدىل خاتىرىلەپ،
بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىجتىھات بىلەن كۆـ
زىتىپ، ئۇستازى يېزىپ بەرگەن رېتسېپ ۋە دورا مىقدارىنى
تەھلىل قىپتۇ. ئىز قوغلاپ داۋالاشقا توغرا كەلگەن بىمارـ
لارغا تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېسەللىك
ئەھۋالىنى كۆزىتىپلا قالماستىن، سەي تېۋىپ يېزىپ بەرـ
گەن رېتسېپلارنىڭ ئۈزگىرىش ئەھۋالىنىمۇ كۆزىتىپتۇ. سەي
تېۋىپ خۇا تونىڭ بۇنچە ئىجتىھاتلىق، ئەستايىدىل،
تىرىشچان، بىلىمگە هېرىسمەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېـ
ـخىمۇ ياقتۇرۇپ قاپتۇ هەمدە ئۆزى ساقلىغان تېبىبي
كىتابلىرىنىڭ هەممىسىنى ئاچىقىپ خۇا توغا كۆرسىتىپتۇ،
خۇا تو بۇنچە كۆپ تېبىبي كىتابنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن
بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بوپتۇ. بۇ تېبىبي كىتابلار خۇا
تونىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغاندەك بوپتۇ، كۈندۈزى ئۇ
ئۇستازىغا ئەگىشىپ كېسەل كۆرسە، ئاخشىمى تېبىبي
كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ئىزدىنىپتۇ. نەزەرىيە بىلەن

ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۇنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپتۇ. بىراق، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۆزى دورا يىغىپ، دورىنىڭ ئۈنۈمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سىناق قىپتۇ.

ئىجتىھات، تىرىشچانلىق، قەتئىيلىك ئاخىر داڭلىق تېۋىپ — خۇا تونى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ.

【تەسرات】

## ئاددىي شەيئىلەر ئىچىدىن كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

خۇا تو شەيئىلەر ۋە تەپسىلاتلارنى بۇنچە ئىنچىكە كۆزەتكەنىكەن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى دەر ھەقىقەت.

ئومۇمەن تۆھپىكار كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە ئىزدىنىپ، ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇۋېلىشقا، بىرى ئارقىلىق ھەممىنى بىلىپ، ئىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولغانلاردۇر. دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخسلەرنىڭ كۆزىتىش ئۇسۇلى ۋە تەربىيەلىنىشىنى خۇلاسىلىگىنىمىزدە، ئاساسەن تۆۋەندىكى سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئوبيېكتقا بېرىلىش. بۇ كۆزەتكۈچىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن نۇقتىلىق ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆزىتىشتە مۇھىمى ئوي - پىكرنى بىر يەرگە يىغىپ، نىشانغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراش، نىشاننىڭ ھالىتى، تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە روھىي ھالىتىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، يۈزەكى كۆزىتىشتىن ياكى شاختىن شاخقا قونۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2. ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش. كۆزىتىش جەريانىدا قەتئىي بوشاشماس روھ بولۇشى كېرەك. كۆزىتىش ئارقىلىق بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆزىتىش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ نەرسىنى كۆزىتىپ ئىگىلىشىڭىز تەس بولىدۇ. بىر مۇرەككەپ شەيئى كەڭ ساھەگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئۆزگىرىش دەۋرىيلىكىگە ئىگە. ئەگەر كۆزىتىش جەريانىدا بىر كۈن ئىشلەپ، ئىككى كۈن لاغايلاپ يۈرسىڭىز، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى نۇرغۇن مۇھىم ھالقىلار، مۇھىم تەرەپلەر نەزەر دائىرىڭىزنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

3. ھەر تەرەپلىمە ۋە مۇكەممەل بولۇش. شەيئىلەرنىڭ ھەم ئىجابىي تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم سەلبىي تەرىپىنى كۆرۈش؛ ھەم ئۇنىڭ بۆلەك ۋە تەپسىلاتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش، ھەم ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە ئومۇمىي گەۋدىسىگە دىققەت قىلىش؛ تاشقى قىياپىتىگىمۇ سەل قارىماسلىق، ھەم ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن شارائىت ۋە ئامىللارغا دىققەت قىلىش؛ ھەم شۇ شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش، ھەم ئۇ تەۋە سىستېمىدىكى ھەر

تەرەپلىمە مۇناسىۋەتنى كۆزىتىش؛ ھەم ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈش، كېيىنكى يۈزلىنىشىنىمۇ پەرەز قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شەيئىلەرنى ئاقىلانىلىك بىلەن تونۇپ، ئىجادچانلىق بىلەن بايقىغىلى بولىدۇ.

4. ئىنچىكە كۆزىتىشنىڭ ئۆزى دانالىق. شەيئىلەرنىڭ پەرقى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ئاساسىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىرتقى شارائىتى ۋە ئامىللىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شەيئىنىڭ سىرتقى شەكلى، رەڭگى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بەزىلىرى ھېس قىلىشقا قۇلايلىق، بەزىلىرى ئىنچىكە كۆزەتكەندە ئەرزىمەس (ئۇششاق) دېتاللار ئارقىلىق باشقا تۈس- مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە بەزىلىرىدىن ئاددىيلىق ئىچىدىن ئۆزگىچىلىكنى كۆرگىلى بولىدۇ.

5. سېلىشتۇرۇپ كۆزىتىش. كۆزىتىش ساھەسىدە خۇددى گېگىل كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز پەرقلىقلەرنىڭ ئىچىدىن ئوخشاشلىرىنى ياكى ‹ئوخشاش› لىرىنىڭ ئىچىدىن ‹پەرقلىق› لىرىنى كۆرۈپ يېتىش». دارۋىن «ئوخشاش» لىرىنىڭ ئىچىدىن «پەرقلىق»لىرىنى تېپىشقا ماھىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشى دەل مۇشۇ خىل ساپانى ھازىرلىغانلىقىدىن بولغان. «پەرقلىق» لىرىنىڭ ئىچىدىن «ئوخشاش» لىرىنى ئىزدەشمۇ بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەق-

قىيەت قازىنىشىدا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆپلىگەن ئىسپاتلار شۇنى چۈشەندۈردىكى، بەزى قارىماققا مۇناسىۋىتى بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىن ئوخشاش تەرەپلەرنى بايقاپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

6. چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش. كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر تەرەپتىن كۆزىتىش ئارقىلىق تەپەككۇرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىسەك، يەنە بىر تەرەپتىن تەپەككۇر ئار-قىلىق كۆزىتىشتە ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، رەتلەپ، بەلگىلىك ئەقلىي تونۇشنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. كۆزىتىش بىلەن تەپەككۇرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەندە، ھەمىشە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىجا-دىيەت ئۇچقۇنلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ.

7. ئەسۋابلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش. كۆزىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پايدىلىنىلغان ماددىي ۋاستىلەر كۆزىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان پەننىي ۋاستە ۋە نازۇك قۇرۇلمىلار كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم. ئاساسىي زەررىچىنىڭ مىكرولۇقىنى، يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ ماكرولۇقىنى كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىپ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى رادىيو تېلىسكوپ، يۇقىرى ئىقتىدارلىق تېزلەتكۈچ قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ،

بىزگە نۇرغۇن تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىپ بەردى.

8. خاتىرىلەپ رەتلەش. بۇ ئۆز ۋاقتىدا كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىشتۇر. كۆزىتىشنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، بەلكى دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى بىر خىل ۋاستە. ئەگەر كۆپ ھەجىمدىكى قىممىتى بار بولغان كۆزىتىش خاتىرىسىنى رەتلەپ يىغىنچاقلىساق، يېپيېڭى ئىجادىيەت باغچىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.



# شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن نيۇتون

نيۇتون كىچىكىدىنلا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بالا ئىدى، ئۇ ھەمىشە باشقىلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى.

1658 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەنگلىيەدە ئاز ئۇچرايدىغان بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ، دەريا سۇلىرى تاشقىن بولۇپ، دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىدۇ. كەنتتىكى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىش قىلا - لايدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق بورانغا قارىماي، ئېتىزلىققا بېرىپ، بەزىلىرى ياغاچ قوزۇق قاقسا، بەزىلىرى شامال توسقۇچ تام ياساپ، دەھشەتلىك بوران بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ.

ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، شىددەتلىك بوران توختىماي چىقىۋاتاتتى، نيۇتوننىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تەۋرىنەتتى. نيۇتون بۇ چاغدا ئەمدىلا ئون نەچچە ياشلىق بالا بولۇپ، ئاتا - ئانىسى، ئىنىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى.

— ئاكام قەيەردە؟

ئەڭ كىچىك سىڭلىسى بوران ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورقۇمسىراپ ئانىسىدىن سورىدى.

— دادىسى، سىز ئېتىزلىقتا ئىساك (نيۇتوننىڭ

ئىسمى) نى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇنىڭ ئانىسى بايىلا ئېتىزلىقنى بىر ئايلىنىپ كەلگەن دادىسىدىن.

ــ ئېتىزلىقتا يوققۇ! خانىم.

ــ غەلىتە ئىش! ئۇ باياتىن چىقىپ كەتكەنغۇ، سىز يەنە بىر قېتىم بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ بېقىڭە.

دادىسى يامغۇرلۇق ئايىغىنى كىيىپ، كۆنلۆكنى كۆتۈرۈپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماستىن يەنە چىقىپ كەتتى. شىددەتلىك بوراندىن قورقۇپ كەتكەن سىڭلىسى ۋە ئىنىسى ئانىسىنىڭ تىزىغا يۆلەنگىنىچە ئەندىشە ئارىلاش ئانىسىنىڭ يۈزىگە قارىدى.

ــ بوران ئۇنى ئۇچۇرۇپ كەتمىگەندۇ!؟

ــ شۇنى دەيمەن، نېمە ئىش بولغاندۇ؟ لېكىن، ئاكامنىڭ ئاماللى تولا، چوقۇم ھېچ ئىش بولمايدۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، سىڭلىسىنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك نيۇتوننى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بوراننىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىنى ئۆزى خالىغانىدى.

نيۇتوننىڭ دادىسى ئېتىزلىقنى بىر قېتىم ئايلىنىپ، مىڭ تەسلىكتە ئارقا ھويلىدىن نيۇتوننى تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نيۇتوننىڭ چاچلىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ پاخپايتىۋەتكەن بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى ساراڭلاردەك بوران بىلەن تېرىكىشىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

بۇنداق شىددەتلىك بوران ئاز كۆرۈلەتتى. نيۇتون بۇنچە كۈچلۈك بوراننىڭ زادى قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلمەكچى، شامالنىڭ كۈچىنى سىناپ كۆرمەكچىدى.

ئۇ بۇ ئىشلارغا بېرىلىپ كەتكەچكە، ئۆيدىكى، ئىپ-تىزلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈ-رۈلۈپ كەتكەنىدى.

نيۇتون بوران- چاپقۇننىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن ئارقا ھويلىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن بوراننى بويلاپ كۈچىنىڭ بارىچە سەكرەيدۇ، ئارقىدىنلا بورانغا قارشى ھالدا كۈچەپ سەكرەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يانچىلاپ بورانغا يۈز-لىنىپ سەكرەيدۇ ھەمدە چىغ قالپىقنى ئېتىپ شامال كۈچى بىلەن ئۇچرىشىش يۈزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن كۆپچىلىك قورقۇپ كېتىدۇ.

مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئانىسى نيۇتوننىڭ ئادەتتىكى بالا ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۇنى شەھەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇ نيۇتوننىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى.

【تەسرات】

## ئىجتىھات بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ قۇدرىتى

نيۇتوننىڭ ھېكايىسى بىزنى ئويلاندۇرۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى بىزنى «پىكىر يۈرگۈزۈش» كە نىسبەتەن چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

دۇنيادىكى ئىجادىيەت، كەشپىيات ۋە ئىلىم- پەن تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسى ئالىملارنىڭ ئىجتىھات بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ھەر تۈرلۈك ئەسۋاب-

ـنىڭ ياخشىلىنىشى بىر ياخشى تەسەۋۋۇرنىڭ بولغانلىـ
ـقىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئا ـ
دەملەر دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۆزلىرىگە كىيىم ـ كېچەك،
ياۋا مېۋىلەرنى يېمەكلىك قىلغان، كېيىن بىراۋ توقۇمىـ
ـچىلىق تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلسا، بەزىلەر ئاشلىق
تېرىشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كىيىـ
ـنىش ۋە يېمەك ـ ئىچمىكى بارا ـ بارا ياخشىلانغان. بۇ
ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى
جەريانىدا ئىجتىھات بىلەن مېڭە ئىشلىتىپ، پائال پىكىر
يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق فىزىكا ئالىمى رېزېرفورد ھەمىشە ئۆز يېنىدىكى كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋېـ ـلىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇ تەجرىبىخانىغا كىرىپ، بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. رېزېرفورد ئۇنىڭدىن:

— بۇنچە كەچتە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— خىزمەت قىلىۋاتىمەن،— دەپتۇ ئوقۇغۇچى جا ـ ۋابەن.

— ئۇنداقتا سەن كۈندۈزى نېمە ئىش قىلىسەن؟

— خىزمەت قىلىمەن.

— ئۇنداقتا ئەتىگىنىمۇ خىزمەت قىلامسەن؟

— شۇنداق پىروفېسسور، ئەتىگىنىمۇ خىزمەت قىـ ـلىمەن.

— ئۇنداقتا، سەن قايسى ۋاقىتتا پىكىر يۈرگۈزىـ

ـسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ رېزېرفورد ئۇنىڭدىن.

ماركسنىڭ «ھەممىنى مۇلاھىزە قىلىش» دېگەن دۇنياغا مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆزى بار. دۇنيادىكى ھەر- قايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۇلۇغ شەخسلەر، ئالايلۇق سىياسىيون، ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار بول- سۇن، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ بولالىشىدىكى سەۋەب، مېڭىسىنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇ- رالىغانلىقىدا.

ئەگەر كىتابنى كۆپ ئوقۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزمىسىڭىز، بىلگەنلىرىڭىزنى كۆپتەك ھېس قىلىسىز، لېكىن سىز كىتاب ئوقۇپ، كۆپرەك مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىزنىڭ تېخى ئىنتايىن ئازلىقىنى بىلىپ يېتەلەيسىز.



# قەيسەر ۋە ھەققانىيەتچىل خەيرۋي

خەيرۋي مىڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن پاك ئەمەلدار بولۇپ، تارىختا «پاك ئەمەلدار خەيرۋي» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئادىل، قەيسەر ۋە ھەققانىيلىقى بىلەن پۇقرالارغا نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن.

خەيرۋي چۈنئەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، سول ياندىش تۇتۇق بېگى، ئوردا سالنامە ئەمەلدارى يەن گېنلىۇ جياڭسۇ - جېجياڭ بەلبېغىغا كېلىپ تۈز ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپتۇ. ئۇ ھەربىر جايغا بېرىشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئالدى بىلەن ئالاقە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ قاچان بارىدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىدىكەن، كۈتۈۋالىدىغان چاغدا ساختىلىق بىلەن چوقۇم تېجەشلىك بولۇشنى، بەك ئىسراپچىلىق قىلماسلىقنى تاپىلايدىكەن. ئەمما، يول بويىدىكى ئايماق، ناھىيەلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن خەلققە زىيان سالىدىكەن.

پەقەت چۈنئەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەلىكىگە كەلگەندە، خەيرۋي ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا سالامغا بارماپتۇ، كاتتا سوۋغاتمۇ تەييارلىماپتۇ.

يەن گېنلىيۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقتىن،

كۆڭلىدە خەيرۇيگە ئۆچمەنلىك ساقلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى كۇشكۇرتۇپ بەتنام ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، خەيرۇي ئۇستىدىن ئەرز قىپتۇ. شۇ سەۋەب- تىن، خەيرۇي جياڭشى شىڭگۇ ناھىيەسىنىڭ ئىجراچى ئەمەلدارلىقىغا چۈشۈرۈۋېتىلىپتۇ.

جيا جىڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خەيرۇي تۇتۇن مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلۈپ، پاي- تەختتىكە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرىدۇ.

مىڭ شىزوڭ ئۆزىگە قىرىلىق يەتكەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش دورىسىنى تېپىش ئۈچۈن، ھەد- دىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق قىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويىدۇ.

خەيرۇي تۇتۇن مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئوردىدىكى چىرىكلىكنىڭ مەنبەسىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئۆلۈمگە قارىماي بىر پارچە مەلۇماتنامە پۈتۈپ، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

خەيرۇي ئۆزىنى چوڭ بالا- قازانىڭ كۈتۈپ تۇرغان- لىقىنى بىلىپ، ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ، خوتۇن باللى- رىنى يېزىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ ھەمدە ئازراق تاپقان- تەرگىنىنى ئىشلىتىپ ئاخىرەتلىكنى تەييارلاپ قويىدۇ.

مىڭ شىزوڭ مەلۇماتنامىنى كۆرۈپ دەرۋەقە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، خەيرۇينى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن دەر- ھال تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بىر

ئاغۋات پادىشاھقا: «ئۇ ئاخىرەتلىكنى تەييارلاپ بولدى، قىچىپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.

ئىككى ئايدىن كېيىن پادىشاھ خەيرۇينى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، گەرچە جازا مەھكىمىسى خەيرۇينى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، پادىشاھ ھۆكۈمنى باشتىن- ئاخىر تەستىقلىماي، پەقەت ئۇنى زىندانغا سولاشقا بۇيرۇيدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ ۋاپات بولۇپ، شاھزادە خانلىق تەختكە ئولتۇرىدۇ، خەيرۇينىڭمۇ ئەمىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

**【تەسرات】**

## دۇرۇس ئادەم بولۇش كېرەك

جاھاندارچىلىقتا ئەڭ مۇھىمى دۇرۇس بولۇش كېرەك. خەيرۇينىڭ قەيسەرلىكى پۇقرالارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇنى «پاك ئەمەلدار ــــ خەيرۇي» دېگەن نامغا مۇشەررەپ قىلغان. خەيرۇينىڭ ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇشى ۋە پۇتۇن نىيىتى بىلەن پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەپ، دۆلەت ئۈچۈن ساداقەت كۆرسىتىشى ھەممە كىشىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

خاتالىقنى كۆرگەندە كارى بولماي، باشقۇرۇشنى خالىماي، «ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز ئىش بىلەن نېمە كارىم» دەپ يۈرۈش كەڭ قورساقلىق بولماستىن،

قورقۇنچاقلىق بولىدۇ. يامان ئادەم، يامان ئىشلارغا ھەمىشە يول قويۇپ، بۇزغۇنچىلىققا يول قويساق بولمايدۇ، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بەزىدە ھەققانىيەت يولىدا بەدەل تۆلىسەكمۇ ئەرزىيدۇ. شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى يوقىتىپ قويساقمۇ، دۇرۇس روھىمىزنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ.

پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، يۈرەكلىك ھالدا سۆزلەش، گۈزەل ئىشلارنى ئارزۇ قىلىش بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۈچۈن يېتەرلىك.

# زىرەك دارۋىن

ئاتاقلىق ئالىم دارۋىن كىچىكىدە ئىنتايىن ئىجتى-ھاتلىق، تىرىشچان بالا ئىدى، ئۆيىدە بىردەممۇ بىكار ئولتۇرمايتتى، بۇگۇن ئۇ يەنە يوقاپ كەتتى، دادىسى ئۇنى ئىزدەپ، ئاخىر بىر توپ دەرەخنىڭ ئۈستىدىن تاپتى.

— دادا، بۇياققا قارىغىنا، بۇ قۇرت بەكمۇ ئاجايىپ ۋە غەلىتىكەن! — دېدى كىچىك دارۋىن دەرەخنىڭ ئۈستىدە ۋارقىراپ تۇرۇپ. ئۇ ھەقىقەتەن ئىككى دانە ئاز ئۇچرايدىغان ھاشاراتنى بىر قولىدا بىردىن تۇتۇۋالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر تېخىمۇ غەلىتە ھاشارات ئۇچۇپ كەلدى، ئۇ دەرھال ئوڭ قولىدىكى ھاشاراتنى ئاغزىغا سېلىپ، ھېلىقى ئۇچۇپ كەلگەن ھاشاراتنى تۇتۇۋالدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ھاشارات قالايمىقان سەكرەپ، ھەتتا ئاچچىق ۋە قىرتاق سۇيۇقلۇق چىقارغان بولسىمۇ، ئۇ ئاغزىنى ھىم يۇمۇپ تۇرۇۋەردى.....

كىچىك دارۋىن ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنى «تەتقىق قىلىش»قا باشلىدى. ئۇ تەبىئەتنى دەرسخانا قىلىپ، كەلگۈسىدە چوڭ ئالىم بولىمەن، ئالىم بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ھاشارات، گۈل-گىياھ، ئوت- چۆپ، دەل-دەرەخ قاتارلىقلارنى ياخشىراق «تەتقىق قىلىشىم» كېرەك دەيتتى.

بۇ دەل ئىللىق باھار پەسلى بولۇپ، ئۈنىڭ گۈللۈ-كىدىكى نۇرغۇن گۈل - گىياھلار بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقارغانىدى. كىچىك دارۋىن نەزىرىنى يېڭىدىن ئېچىلغان بىر توپ سېرىق ۋە ئاق نورۇزگۈلگە تىكتى. ئۇ دادىسىنىڭ «نورۇزگۈل پەقەت سېرىق ۋە ئاق ئىككى خىللا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئەگەر تۈرلۈك رەڭدىكى نورۇزگۈللىرى بولسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىدى.

ئۇ گۈللۈكتە يېتىپ ئاپتاپقا قاقلانغاچ، كۆز ئالدىدا تۇساتتىن مۇنداق خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولدى: گۈللۈكتىكى نورۇزگۈللىرى بىردەم ئاق، بىردەم سېرىق، بىردەم كۆك، بىردەم قىزىل، بىردەم بىنەپشە، بىردەم قارا كۆرۈنـ-ـدى...... ئۇ تۇيۇقسىز سەكرەپ قوپۇپ، كۆڭۈل قويۇپ گۈل-گىياھلارنى رەتلەۋاتقان دادىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

ـــ دادا، مەن گۈلنى قانداق رەڭدە بولسۇن دېسەم، شۇنداق رەڭگە ئۆزگەرتەلەيدىكەن!ـــ دېدى.

دادىسى كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـــ خىيالپەرەس بالام، سېنىڭ بۇ خىيالىڭ ئەلۋەتتە ياخشى، ئەمما تەبىئەتنىڭ بەلگىلىك قانۇنىيىتى بار، گۈل قانداقسىگە خالىغانچە رەڭگىنى ئۆزگەرتسۇن؟ـــ دېدى.

كىچىك دارۋىن ئەستايىدىللىق بىلەن:

ـــ مەن ئالىملاردىن ئىنتايىن ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ قويدۇم، مەن بىر قىزىل نورۇزگۈلى ئېچىلدۇرىمەن! راست!ـــ دېدى.

ئىككىنچى كۈنى، دادىسى گۈللۈكتە گۈل-گىياھلار-

نى رەتلەۋاتقاندا، كىچىك دارۋىن ھەقىقەتەن قولىدا بىر دەستە قىزىل نورۇزگۈلنى كۆتۈرگەن پېتى دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھىم، سەن قانداق قىلىپ نورۇزگۈلنى قىزىل ئېچىلدۇردۇڭ؟

كىچىك دارۋىن ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئەمەلىيەتتە بۇنى سىز ئۆگىتىپ قويغان! گۈل ھەر ۋاقىت يىلتىزى ئارقىلىق سۇ سۈمۈرۈپ، سۇنى ئۆزىنىڭ ھەرقايسى قىسمىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ دېگەنىدىڭىز، مەن ئۇنىڭغا قىزىل سۇ ئىچۈرسەك، ئاق رەڭلىك گۈل بەرگىگە يەتكۈزۈپ بەرسە، ئۇنداقتا گۈلنىڭ رەڭگى قىزىلغا ئۆزگەرمەمدۇ دەپ ئويلىدىم. تۈنۈگۈن مەن بىر تۇتام ئاق نورۇزگۈلنى ئۈزۈپ ئەكىرىپ، قىزىل سىياھ قۇتىسىغا سانجىپ قويغانىدىم. بۈگۈن ئۇ ھەقىقەتەن قىزىلغا ئۆزگىرىپتۇ!

ئەقىللىق، تىرىشچان دارۋىن ئۆزىنىڭ بوشاشماستىن تەتقىق قىلىشى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئاخىرىدا دۇنياغا داڭلىق ئالىم بولۇپ قالدى.

【تەسىرات】

## كۆزىتىشنى ياخشىلىغىنىڭىز — مۇۋەپپەقىيەتنى تاللىغىنىڭىز

ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دارۋىننىڭ دۇنياغا داڭلىق ئالىم بولالىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىش تەس

ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىچىككىدىن تارتىپ ئۆتكۈر كۆزنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان. دارۋىنىڭ بۇرۇن ئېيتقان: «مېنىڭ ھەم كۆزگە كۆرۈنگۈدەك مول بىلىمىم، ھەم باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەقىل- پاراسىتىم يوق. پەقەت سەللا بوشاڭلىق قىلسا پۇرسىتى ئۆتۈپ كېتىدىغان شەيئىلەرنى كۆزنىش ۋە ئۇنى ئىنچىكە كۆزنىش ئىقتىدارى جەھەتتە مەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىمەن.» دېگىنى ئېسىڭىزدە بولسۇن، مۇشۇ نۇقتىغا تايىنىشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېشىپ چۈشۈشىگە يېتىپ ئاشىدۇ.

دارۋىنىڭ ھېكايىسىدىن بىز شۇنداق تەسىراتقا كېلىمىزكى، بىرنەرسىنى بايقاش ئۈچۈن پەقەت كۆز بىلەنلا «كۆرۈش» كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى مېڭە ئىشلىتىپ «كۆرۈش»، يەنى «كۆزنىش» كېرەك. كۆزدە «كۆرۈش» بىلەن «كۆزنىش» نىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ھەر كۈنى كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغان ئۇچۇرلار بەك كۆپ بولسىمۇ، پەقەت ئازلا بىر قىسمىغا قارىتا تەسىرات شەكىللەندۈ- رەلەيمىز، بايقاش ۋە مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، كۆزنىش ۋە كۆرۈشتە ئوخشاشلا كۆز ئىشلىتىلسىمۇ، بىراق كۆ- زنىش مەقسەتلىك بولىدۇ. ئىزدەش، بايقاش، بىلىش ئۈچۈن بولىدۇ؛ ئەمما، كۆرۈشنىڭ مەقسەتلىكلىكى ئانچە كۈچلۈك بولمايدۇ، ئاساسلىق مۇددىئا ئازراق ھېس-

تۆيغۇغا كېلىش ئۇچۇن بولىدۇ، ھەرگىزمۇ بىر خىل ئەقلىي بىلىشنى ئىزدەش ئۇچۇن بولمايدۇ. مۇشۇ خىل پەرق تۈپەيلىدىن، كۆزىتىشتىن قالدىغان تەسىرات ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ، ئەمما كۆرۈشتىن قالغان تەسىرات ئاسانلا ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ.



# شاڭياڭنىڭ خادا تىكلەپ ئىشەنچكە ئېرىشىشى

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى يەتتە بەگلىك ئىچىدە، چىن بەگلىكى ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ كەينىدە قالغانىدى. چىن شياۋگوڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ۋېي بەگلىكىدىكى شاڭياڭدىن پايدىلىنىپ، قانۇننى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈشنى قارار قىلىدۇ.

شاڭياڭ قانۇننى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، يېڭى قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى بىلگەچكە، پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىر ئەپچىل چارە ئويلاپ چىقىپتۇ.

ئۇ بىرقانچە ئادەمنى بۇيرۇپ، پايتەختنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىغا 3 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال ياغاچ خادىنى تىكلىتىپ، كىم مۇشۇ خادىنى شىمالىي قوۋۇقىچە كۆتۈرۈپ ئاپىرالىسا، 10 سەر ئالتۇن ئىنئام بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەھدە قىپتۇ.

بۇ ئىش نۇرغۇن پۇقرالارنى بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ، بەس- مۇنازىرىگە سالپتۇ. بەزىلەر:

— بۇ خادىنى ھەممىلا ئادەم كۆتۈرۈپ ئاپىرالايدۇ،

بۇنىڭ ئۈچۈن 10 سەر ئالتۇن سەرپ قىلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ بۇنىڭ ئىچىدە نېمە سىر بارلىقىنى ھەقىقەتەن بىلگىلى بولمايدۇ!

— ئېھتىمال بىرگە چاقچاق قىلىۋاتقان گەپ، ئىشقىلىپ، بۇ راست ئەمەس.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى شاگىياگىنىڭ ۋەدىسى ئىشەنچسىز، شۇڭلاشقا ھېچكىم بۇ خادىنى كۆتۈرۈپ ئاپار-مايدۇ دېيىشىپتۇ.

شاگىياك بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىنئامنى كۆپەيتىپ:

— كىم بۇ خادىنى شىمالىي قوۋۇققا كۆتۈرۈپ ئاپىرا-لىسا، مەن ئۇنىڭغا 50 سەر ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن،— دەپتۇ.

شاگىياگىنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا، ئەتراپتىكى پۇقرالار يەنە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلاپتۇ.

— جانابلىرى، چاقچاققا راستتىنلا ئۇستىكەنلا، بۇنچىلىك ئاددىي ئىشقا نەدىمۇ بۇنچە كۆپ ئىنئام تۇرۇپتۇ؟— دەپتۇ بىر كىشى ئۈنلۈك ئاۋازدا. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تېخىمۇ گۇمان قىلىشقا باشلاپ، ھېچكىم ئۇ خادىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ ھەم مازاققا قېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.

شۇ ئەسنادا كىشىلەر توپى ئارىسىدىن بىر ئادەم چىقىپ، سىناپ بېقىش غەرىزىدە:

— مەن ئاپىرالايمەن،— دەپتۇ ۋە ياغاچ خادىنى كۆتۈرۈپ، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئۇدۇل شىمالىي

قوۋۇققا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپتىكىلەرمۇ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشىپتۇ.

ئۇ كىشى شىمالىي قوۋۇققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاڭياڭ دەرھال 50 سەر ئالتۇننى ئۇنىڭغا ئىنئام قىپتۇ. پۇقرالار قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ، بەس- بەس بىلەن شاڭياڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ماختىشىپتۇ.

بۇ ئىش پۈتكۈل بەگلىكنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ، كىشىلەر شاڭياڭنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان خىسـ-لىتىنى بىلىپ يېتىپتۇ. شۇڭلاشقا، يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇپتۇ. شاڭياڭ-نىڭ قانۇننى ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق، چىن بەگلىكى قۇدرەت تېپىشقا يۈزلىنىپ، چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىپتۇ.

【تەسرات】

## راستچىللىق ۋە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى

راستچىللىق ۋە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش — ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم. جەمئىيەتشۇناسلار دۇنيادىكى 10 چوڭ مىللەت ئۈستىدە نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تەكشۈرۈشتە، سىزنىڭچە ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى قايسىلار؟

دېگەن تېمىدا سوئال چىقىرىلغان. سوئالنى يېغىۋالغان-دىن كېيىن، گەرچە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا تەۋە تىزغان تۈرلىرى ۋە رەت تەرتىپىدە ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ، ئەمما بىر نۇقتا ھەممىگە ئورتاق بولغان: راستچىللىق ۋە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش رەت تەرتىپىنىڭ ھەممىسىدە ئالدىنقى 3-ئورۇننىڭ ئىچىدە تۇرغان.

گەرچە بۇ بىر نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش بولسىمۇ، بىراق ئۇ مۇنداق بىر ئومۇميۈزلۈك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قارىشىدا، كىشىلەرگە سەمىمىي بولۇش ۋە ئىشەنچكە ئەھمىيەت بېرىش ئىنساندا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم گۈزەل ئەخلاق، بۇ ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، دەپ قارايدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقىدە يالغانچىلىق ئارقىلىق ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، سەمىمىيلىك كىشىلىك ئالاقىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق؛ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق بىر كىشىنىڭ نام- ئابرۇيىغا ئەڭ زور دەرىجىدە داغ كەلتۈرىدۇ، لەۋزىگە ئەمەل قىلغاندا كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىر كىشى مەڭگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولسا، ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا تۈرلۈك چارە- ئاماللار ئارقىلىق ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەمما، بۇگۈنگە كەلگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر سەمىمىيلىك ۋە ۋەدىسىگە

ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى پىسەنتىگە ئالمايۋاتىدۇ. بۇلار چوقۇم ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ، گەرچە تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، تېزلا مەغلۇپ بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە سەممىي ۋە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئوبرازنى تىكلەشتە، قەلبىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلاپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ياشلار ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم تاشلاپ ئىش باشلىغاندا، ئەجىر- مېھنەتسىزلا تېزلىكتە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقنى بىلىشى زۆرۈر.



# جاپا- مۇشەققەتتە چوڭ بولغان گوركىي

گوركىي كىچىكىدە بوۋىسى ۋە مومىسى بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مومىسى ئىنتايىن مېھرىبان بولۇپ، كىچىك گوركىيغا ھەمىشە مەريەم ئانىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى، رېتسار ئېۋاننىڭ ھېكايىسىنى، مىسىردىكى بۇلاڭچى ئاندىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ ھېكايىلار ئاجايىپ- غارايىپ، تەسىرلىك، قىزىقارلىق بولۇپ، كىچىك گوركىي ھېكايىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا ھېكايىغا مەستانە بولۇپ كېتەتتى. مومىسى يەنە قىزىقارلىق شېئىرلارنى توقۇپ بېرەتتى، گوركىي ھەر قېتىم مومىسىنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلىغىنىچە ئۇيقۇغا كېتەتتى. كىچىك گوركىينىڭ كاللىسى مومىسىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

1878- يىلى گوركىي شەھەر سىرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ مەخسۇس شەھەردىكى نامرات باللار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەكتەپ بولۇپ، مۇشۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشمۇ گوركىي ئۈچۈن قىيىنغا توختىغانىدى، چۈنكى بوۋىسىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. ئەقىللىق گوركىي ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ

بەرگەندىن كېيىن، بىر ئەسكى تاغارنى يۈدۈپ، شەھەر ئەتراپىدىكى كوچا ۋە يوللاردىن سۆڭەك، ئەسكى رەخت، قەغەز پارچىلىرى، تۆمۈر، مىخ قاتارلىقلارنى يىغىپ، ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىدىغانلارغا سېتىپ تاپقان ئازغىنە پۇلنى ئائىلىسىگە ئىشلىتەتتى.

ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ، گوركىي ھەتتا ئوقۇش پۇلى تۆلەشكىمۇ ئامالسىز قالغانىدى. دەل شۇ يىلى كۈزدە، كىچىك گوركىي مەكتەپتىن ئايرىلىپ، بىر موزدوزلۇق دۇكىنىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. گوركىينىڭ كۈنلىرى ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇ دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپلا قالماستىن، خوجايىنغا ياردەملىشىپ تۈرلۈك ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ، كىر يۇيىدۇ، پول سۈرتىدۇ، بالىغا قارايدۇ...... ھەر كۈنى ھېرىپ پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ كېتىدۇ، ياخشى غىزالىنالمايدۇ، ياخشى ئارام ئالالمايدۇ. بىر قېتىم تاماق ۋاقتىدا، خوجايىن گوركىينى تاماقنى تېزرەك چىقىرىشنى سۈيلىگەندە، ئۇ ئالدىرىغىنىدىن بايىلا تەييارلىغان ۋاراقشىپ تۇرغان كۆكتات شورپىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن تۆكۈلۈپ كېتىپ، گوركىينىڭ ئىككى قولى ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ زەخىملىنىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئىشتىن بوشىتىلىدۇ.

كېيىن، گوركىي قۇرۇلۇش چېرتيوژ لايىھەلىگۈچىسى، قوشۇمچە بىناكارلىق ئۇستىسى سېرگېيېۋگە شاگىرت بولىدۇ. نامدا شاگىرت ئاتالغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ھۈنەر ئۆگىنەلمەيدۇ، بەلكى ھەر كۈنى مالايلارنىڭ

ۋە قاچا يۇغۇچىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. دۇكان خوجايىنى پە-
قەت ئۇنىڭ ئۈچ ۋاخلىق تامىقىغا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ-
دىن باشقا گوركىينىڭ ھېچقانداق مائاشى ۋە ئەركىنلىكى
بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ
يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بۇ ئەمەلىيەتنى ئۈن- تىنسىز قوبۇل
قىلىدۇ. ھەر كۈنى مىس ئەسۋابلارنى سۈرتىدۇ، ئوتۇن
كەسلەيدۇ، مەشكە ئوت قالايدۇ، كۆكتات يۇيىدۇ، بالىغا
قارايدۇ، ئايال خوجايىن بىلەن بىللە بازارغا چىقىپ ئۇنىڭ
يۈگۈر- يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ھەر شەنبە كۈنى ھەممە
ئۆيلەردىكى پول ۋە ئىككى بىنانىڭ پەلەمپىينى سۈرتىدۇ.
كىچىك گوركىي بالدۇرلا كىشىلىك ھاياتتىكى مۇشەققەت-
نىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.

مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلەردە گوركىينىڭ بىردىنبىر
خۇشاللىقى كىتاب ئوقۇش ئىدى. لېكىن، سېرگېيېۋ ئائى-
لىسىدە كىتاب ئوقۇش ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانمىغان-
لىق دەپ قارىلاتتى، ئەگەر گوركىي تۇتۇلۇپلا قالسا قاتتىق
تاياق يېيىشتىن قۇتۇلالمايتتى. گوركىي ھەمىشە تۈرلۈك
چارە- ئاماللار بىلەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، يېرىم
كېچىدە بالىخانىغا چىقىپ، لەمپىنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ،
ئاي يورۇقىدا كىتاب كۆرىدۇ. ئۇ ئوقۇيدىغان كىتابلار
خىلمۇخىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خلوبېر، ستېندالنىڭ
ئەسەرلىرى، رۇسىيىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى گوركىينى
مەستانە قىلىۋالىدۇ، گوركىي بىلىمنىڭ قاينىمىغا بېشى-
چىلاپ كىرىپ كېتىدۇ.

گوركىي 16 ياشقا كىرگەندە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا
بەل باغلايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى

يارىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قازانغا كېلىدۇ. ئەمما، بىر كەمبەغەل بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، قورساق تويـ ـدۇرۇش قىيىنغا توختاۋاتقان شارائىتتا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئەسلىدىنلا خام خىيال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە چىقىپ ئىش ئىزدەيدۇ، سەرگەردانلار بىلەن بىرلىكتە ئوتۇن كەسلەيدۇ، يۈك توشۇيدۇ، كېچىـ ـلىرى شەھەردىكى باغچىلاردا، ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى ئورەكلەردە، ھەتتا دەرەخنىڭ كامىرىدا، ئازگاللاردا ئۇخـ ـلايدۇ. كېيىن ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىشنى ئارزۇ قىلماس بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتىپى ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ دەرسخانىدا نۇرـ غۇن كىتابلاردىمۇ يوق بىلىملەرنى ئىگىلىگىلى بولىدىغانـ ـلىقىنى ئېنىق بىلىپ يېتىدۇ.

كېيىن، گوركىي ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن، «كەچۈرمىش تىرىلوگىيەسى (بىئوگرافىك تىرىلوگىـ ـيە)» — «بالىلىقىم»، «كىشىلەر ئارىسىدا»، «مېنىڭ ئالىي مەكتىپىم» نى يېزىپ چىقىدۇ. ھازىر بۇ ئەسەرلەر دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆچمەس كىلاسسىك ئەسەرـ لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا.

**【تەسىرات】**

## تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا

نامراتلىق گوركىينىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىدى، قىيىن كۈنلەرنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن گوركىي تېخىمۇ

قەيسەرلىشىپ كەتتى.
ھەقىقەتەن شۇنداق، تۇرمۇش چوڭ بىر (مەش) پىچقا ئوخشايدۇ، شىددەتلىك ئوتتا بەزىلەر ھالاك بولىدۇ، بەزىلەر تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئېرىپ كەتسىمۇ، ئەمما نامى ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ. سىزنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەم بولغۇڭىز بار؟ ئەمەلىيەتتە، تەڭرىنىڭ ھەركىمگە بەرگەن بەخت ـ تەلىيى ئانچە كۆپ بولمايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بىردەملىك ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، تەقدىرنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىدىن، تەڭرىنىڭ كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئەمما، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر ئۆزىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزى توغرىسىدا ئويلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەن ئۆزۈمنى تاۋلاپ، پارقىراقلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان بىر پارچە «ئالتۇن» غا ئايلاندۇرالىدىممۇ دەپ سورايدۇ.
ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئازابلارغا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە يولۇقۇشى تەبىئىي ئەھۋال. مەڭگۈ توختىماي دولقۇنلاپ مەۋج ئۇرىدىغان دېڭىزمۇ، مەڭگۈ تۈپتۈز يولمۇ بولمايدۇ. دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇن، تىك قىيالاردىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، كىشىلىك ھايات تېخىمۇ رەڭدارلىشىدۇ ۋە موللىشىدۇ. ھاياتلىق تاۋلىنىش ئارقىلىق ئاندىن ئۆز قەدىر ـ قىممىتىگە تويۇنىدۇ.
ھاياتلىق ئاسمىنى ھەمىشە پارلاق ئۇتۇق ۋە ئەگرى ـ توقايلىق بىلەن تولغان بولىدۇ. بەختسىزلىككە، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، بىز ھەرگىزمۇ تەڭرىدىن، باشقىلار ـ

دىن ئاغرىنماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز، بەلكى ھاياتلىق بىلىملىرىنى داۋاملىق ئىگىلەپ، قەيسەر-لىك بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىر كۈنى سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي بىر پارچە «ئالتۇن» قىلىپ تاۋ-لىيالىغىنىڭىزدا، ھېچكىم سىزنىڭ پارلاق، كىشى كۆزىنى چاقنىتىدىغان نۇرىڭىزنى توسۇپ قالالمايدۇ.

بىر كىشى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلىك ھاياتقا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنەلىسە، ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقىي قەيسەر ئىنسان ھېسابلىنىدۇ.



# لېنىننىڭ نەزىرىدىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىش

بىر قېتىم لېنىن خەلق كومىتېتىدىكى بىر خىزمەتچى خادىمنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىكى بىر تال تۈگمىسىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. لېكىن، ھېچنېمە دېمەستىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى لېنىن تاسادىپىي يەنە شۇ يولداشنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىنىڭ يەنىلا تۈگمىسى يوق ئىكەن. ئۈچىنچى كۈنى قارىسا يەنە يوق. پەقەت تۆتىنچى كۈنى لېنىن ئۇنىڭ تۈگمىسىنى قادىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

«ئاخىر قادىۋاپتۇ» دەپتۇ لېنىن ئىچىدە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھەتتا نېمە ئۈچۈنكىن كەيپىياتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا دۆلەت ئىچىدە ئاشلىق ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، شەھەر بىلەن ئىشچىلار رايونىدا ئاشلىق يېتىشمەيتتى. يېزىلاردا ئاشلىق بولسىمۇ، ئەمما يېزىلاردىكى پۇلى بارلار — باي دېھقانلار ئاشلىقنى يوشۇ-رۇپ قوياتتى.

شەھەرنىڭ ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارغا ئاشلىق يىغىۋېلىش ئەترىتى ئەۋەتىلىدىغان بوپتۇ. ھېلىقى خەلق كومىتېتىدىكى خىزمەتچى خادىم، يەنى لېنىن تۈگمىڭىز

چۈشۈپ قاپتۇ دەپ ئېيتماقچى بولغان خادىممۇ بىر ئاشلىق يىغىۋېلىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى قىلىپ سايلىنىپ، لېنىن ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندا، كىشىلەر لېنىنغا: «ئۇ ئىقتىدارلىق ئادەم»، «ئۇ تۆھپە كۆرسەتكەن ئادەم»، «ئۇ تىرىشچان، ئىشەنچلىك ئادەم» دېيىشىپتۇ.

لېنىن تۇگمىنىڭ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۈندىمەپتۇ.

ھېلىقى خادىم ئاشلىق يىغىۋېلىش ئەترىتىنى باشلاپ يولغا چىقىپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن لېنىن دوكلات تاپشۇرۇۋاپتۇ. دوكلاتتا خۇددى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەكلا ئېيتىلغان بولۇپ، ھېلىقى خادىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماپتۇ، ئۇ ئاشلىق ھەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى باي دېھقانلار ئاشلىق يىغىۋېلىش ئەترىتى توپلىغان ئاشلىقنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

كىشىلەر لېنىنغا بەرگەن دوكلاتىدا ئۇنىڭ ئالدىن مۇداپىئە تەدبىرى قوللانمىغانلىقنى، بىپەرۋالىق قىلغانلىقنى، ئۆز ۋاقتىدا ئاشلىقنى چىڭ ساقلىيالمىغانلىقنى ئېيتىپتۇ.

«ئەمما بۇ ئىشتىن باشتىلا ساقلانغىلى بولاتتى» دەپتۇ لېنىن.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئاشلىق يىغىۋېلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ: «يولداش لېنىن، بۇ بىر تاسادىپىي ھادىسە» دېيىشىپتۇ.

لىنىن بۇلارنى ئاڭلىغاچ، بىر ۋاراق قەغەزگە بىر-نېمىلەرنى سىزىپتۇ. باشقىلار بۇنىڭغا قىزىقىپ، لىنىن نېمە سىزىۋاتقاندۇ؟ دەپ قارىغانىكەن، قەغەزگە سىزىلغان بىر تال تۇگمىنى كۆرۈپتۇ.

【تەسىرات】

## ئىشنى مۇكەممەل ۋە تولۇق قىلىش كېرەك

ھېكايىدىن لىنىننىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ۋە كىچىك مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، ئەمما ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەمىشە ئۇششاق ئىش ۋە تەپسىلاتلارغا سەل قارايدۇ. بەزىلەر ئىشنى مۇكەممەل ۋە تولۇق قىلىشنى خالىماستىن، پەقەت «يېتەرلىك بولدى»، «يامان ئەمەس بولدى» دەپلا ئەپلەپ-سەپلەپ تۈگىتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئىشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ ماڭمىغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا، مۇقىم سېلىنمىغان ئۆيدەكلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

مەغلۇبىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاپەت مەنبەسى — كىچىكىدىن باشلاپ ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرگەنلىكتە. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش، مۇكەممەل ۋە تولۇق قىلىشتا.

ئىشنى مۇكەممەل ۋە تولۇق قىلىش سىزنى تېز سۈرئەتتە ئالغا باستۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى خاراكتېرىڭىز،

ئەخلاقىڭىز ۋە غۇرۇرىڭىزغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەربىر كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىكەن، چوقۇم مۇشۇ خىل روھ بىلەن ئىش كۆرۈشى كېرەك.

مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن، خىزمەتنى مۇكەممەل، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان كىشى ھەمىشە باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭلاشقا، سىز ھەرقانداق ئىشنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز، ھەر قانداق ئىشنى چوقۇم پۈتۈن زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىلىشىڭىز لازىم.

تېزدىن بىر قارارغا كېلىڭ، باشقىلارنىڭ قانداق قىلىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئىش سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن ھامان، چوقۇم ئۇنى كەم-كۈتىسىز تاماملاڭ. سىزنىڭ ھاياتلىقتىكى ئۈمىدىڭىز مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشتە بولسۇن، ھەرگىزمۇ ئاشۇ ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان، مەككارلىق، سۆرەلمىلىك، رەتسىزلىكتەك قالايمىقان ناچار ئادەتلەر سىزنى توسۇپ قويمىسۇن! خىزمەتنى مۇكەممەل ۋە تولۇق قىلىسىڭىز، سىزنىڭ ئاجىزلىقتىن كۆچىيىدىغان كۆڭلىرىڭىز چوقۇم كېلىدۇ.

كىشىنى قاتتىق چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزىدىغىنى يىراقتىكى ئېگىز تاغ بولماستىن، بەلكى ئايىغىڭىزنىڭ ئىچىدىكى بىر تال شېغىل.

# ۋاشىنگتون ۋە گىلاس كۆچىتى

جورجى ۋاشىنگتون كىچىك ۋاقتىدا ۋىرگىنىيىدىكى بىر يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا تۇغۇلغان. جورجىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن تېرىقچىلىق قىلىشىغا، ئات - كالا بېقىشىغا قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن، دادىسى ئۇنىڭغا ئات مىنىشنى ئۆگەتتى، يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا ئىشلەشكە ئاپىراتتى.

ۋاشىنگتون ئەپەندىنىڭ بىر بېغى بولۇپ، باغدا ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالۇچا ۋە گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىدى. بىر قېتىم ۋاشىنگتون ئەپەندى دېڭىزنىڭ قارشى قىرغىقىدىن بىر تۈپ ئەلا سورتلۇق گىلاس كۆچىتى سېتىۋېلىپ، ئۇنى باغنىڭ چەت تەرىپىگە تىكىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە كىشىگە گىلاس كۆچىتىگە ياخشى قاراشنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى تاپىلاپتۇ.

گىلاس كۆچىتى ئىنتايىن ياخشى ئۆسۈپتۇ، باھار كېلىشى بىلەن كۆچەت ئاپپاق چېچەك بىلەن تولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋاشىنگتون ئەپەندى ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى يەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ-

ئىچىدىن خۇشال بولۇپتۇ.

شۇ كۈنلەردە بىر كىشى جورجىغا ئىنتايىن پارقىراق بىر پالتا سوۋغا قىپتۇ. ئۇ پالتىنى ئېلىپ، دەرەخ شاخلىرىنى، چاتاقلىرىنى، قىسقىسى نېمىنى كۆرسە شۇنى چاناپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پالتىسىنىڭ بەكمۇ ئۆتكۈرلۈكىنى ئويلىغاچ، باغنىڭ چەت تەرىپىدىكى ھېلىقى گىلاس كۆچىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ ھەمدە پالتىسىنى ئېلىپ كۆچەتنى چاناپتۇ. كۆچەتنىڭ قوۋزىقى ئىنتايىن يۇمشاق بولغاچقا، جورجى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئۇ كۆچەتنى كېسىپ تاشلاپتۇ، ئارقىدىنلا يەنە باشقا يەرگە ئوينىغىلى كېتىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، ۋاشىنگتون ئەپەندى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، باغقا ھېلىقى گىلاس كۆچىتىنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆچىتىنىڭ كېسىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ، جايىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. كىم مۇشۇنداق قاپ يۈرەكلىك قىلغاندۇ؟ ئۇ ھەممە كىشىدىن سورىغان بولسىمۇ، ھەممىسى بىلمەيمىز دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا جورجى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ.

— جورجى!— دادىسى ئاچچىقلىغان ھالدا ۋارقىراپتۇ،— سەن كىمنىڭ گىلاس كۆچىتىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

بۇ مەسىلە جورجىنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ

قويۇپتۇ، ئۇ بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، تېزلىكتە ئەس- ھوشىنى يىغىۋېلىپ:

— دادا، يالغان ئېيتسام بولمايدۇ، گىلاس كۆچىـ-ـتىنى مەن پالتا بىلەن كېسىۋەتكەن،— دەپتۇ.

ۋاشىنگتون ئەپەندى جورجىغا قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. بالىنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى كۆزى دادىسىغا تىكىلگەنىدى.

— ئۆيگە قايت، ئوغلۇم،— دەپتۇ ۋاشىنگتون قاتتىق تەلەپپۇزدا.

جورجى كۇتۇپخانىغا كىرىپ، دادىسىنى ساقلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان خاتا ئىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىپتۇ ھەم قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن ۋاشىنگتون ئەپەندى كۇتۇپخانىغا كىرىپ، جورجىنى بۇياققا كەل دەپ چاقىرىپتۇ.

جورجى دادىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋاشىنگتون ئەپەندىم جىمجىت ھالدا ئۇنىڭغا بىرھازا قاراپ:

— ماڭا دېگىنە ئوغلۇم، سەن نېمە ئۈچۈن ئۇ كۆچەتنى كېسىۋەتتىڭ؟

— مەن ئويناۋېتىپ، ئويلىماستىنلا......— دەپتۇ جورجى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

— ھازىر كۆچەتمۇ ئۆلدى، بىز ئەمدى مەڭگۇ ئۇ سورتتىكى گىلاسنى يېيەلمەيدىغان بولدۇق. ئەمما، بۇنىڭدىنمۇ يامىنى مەن ساڭا ئۇنى ياخشى ئاسرىغىن دەپ

تاپىلىغانىدىم، بىراق سەن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقال-
-مىدىڭ.
جورجى خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ، بېشى
ساڭگىلاپ كېتىپتۇ.
— كەچۈرۈڭ دادا،— دەپتۇ ئۇ.
ۋاشىنگتون ئەپەندى قولىنى ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە
قويۇپ:
— ماڭا قارا ئوغلۇم، بىر تۈپ كۆچەتتىن ئايرىلىپ
قېلىپ، كۆڭلۈم ئەلۋەتتە يېرىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە مەن خۇشالمۇ بولدۇم، چۈنكى سەن تولۇپ تاشقان
غەيرىتىڭ بىلەن ماڭا راست گېپىڭنى قىلدىڭ. مەن بىر
باتۇر، سەممىي بالام بولۇشنى بۈك- باراقسان گىلاسلىق
بېغىم بولۇشتىن بەكرەك ئارزۇ قىلىمەن. بۇ نۇقتىنى
ئېسىڭدە چىڭ تۇت بالام،— دەپتۇ.
جورجى ۋاشىنگتون بۇ نۇقتىنى مەڭگۈ يادىدا
ساقلاپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇنداق باتۇرلۇقى
بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

【تەسرات】

## سەممىيلىككە يۈزلەنگەن تەپەككۇر

بۇ بىر كەڭ تارقالغان ھېكايە بولۇپ، بۇ ھېكايىنى
ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن ۋاشىنگتوننىڭ جاسارىتىگە

قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ سەممىيىتىگە بارىكاللا ئېيتماي قالمايدۇ. ۋاشىنگتوندىن ئىبارەت بۇ ساپ ئەينەك ئالدىدا، ھەربىرىمىز «سەممىيلىك» نىڭ چىن مەنىسىنى ئەستا- يىدىل ئويلانماي تۇرالمايمىز.

مۇكەممەل ئەخلاق بولمىسا، ھەقىقىي سادىقلىقمۇ بولمايدۇ، جەمئىيەتتە بۇ خىل ئادەملەر تولىمۇ خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ئادەتتە ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇشنى خالايدۇ، لېكىن ئۆز مەنپەئەتىگە تاقاشقاندا ھەققا- نىيەتتىن ۋاز كېچىدۇ، ھەققانىيەتنى سۆزلىمەستىن، ئەكسىچە ئىش تۇتىدۇ.

ئۇلار بەلكىم ئوچۇق- ئاشكارا يالغان سۆز- لىمەسلىكى، باشقىلارنى ئالدىماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ھەمىشە ئەسلىي دېيىشكە تېگىشلىك، بىر سەممىي ئادەم چوقۇم ئېيتىدىغان گەپلەرنى دېمەيدۇ، بىر سەممىي ئادەم چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمايدۇ، بۇ خىل قىلمىش ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆز بېشىغا بالا بولىدۇ.

ئۇلار پايدىغا ئېرىشكەندە، ئادىمىيلىك خىسلىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنى تومىلىشىپ ماڭغىنى بىلەن، ئادىمىيلىك خىسلىتى تۆ- ۋەنلەپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا، قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدامچىلىق قىلمىشىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكىنى، مەغلۇبىيەتكە باشلايدىغان- لىقىنى كېيىنكى كۈنلەردە چوقۇم ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتتە سەممىي بىر ئادەم ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ ئۆزىگە قالقان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، قىلچىمۇ ئوڭايسىزلانماستىن ۋە قورقماستىن ھاياتقا يۈزلىنەلەيدۇ. ئۇنىڭدا: «قىيىنچىلىققا يولۇقسامۇ قورقۇپ قالمايمەن، ھەققانىيەت مەن تەرەپتە!» دەيدىغان روھ بولىدۇ. ئەكسىچە گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتتە سەممىيەتسىز بىر ئادەمنىڭ قەلبىدىن: «مەن بىر ئالدامچى، ئادەم ئەمەس؛ مەن بىر يىرگىنىشلىك ئادەم، ساختا نىقابلانغۇچى» دېگەن سادا كېلىدۇ.

ئادەم ھەقىقەتتىن ئايرىلسا، كىشىلەر ئالدىدىكى سالاھىيىتىنى يوقىتىشى سەۋەبلىك ھايۋانغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

بىر ياش: «مەن ئەزەلدىن ئىنتايىن سەممىي، شۇنداقتىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم» دەيدۇ. پەقەت سەممىي بولۇش بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم سەممىيەتتىن ئىبارەت بۇ كوزىرنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىز لازىم، پەقەت مۇشۇنداق قىلغىنىڭىزدا، سىز مۇۋەپپەقىيەتكە قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشالايسىز.

سەممىيلىك — بىر تەبىئىي قانۇنىيەت، ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلار تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ، خۇددى ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىغا قارشى

ھەرىكەت قىلغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، سەممىيلىكنىڭ قانۇنىيىتىگىمۇ قارشى ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال ئۇلار ۋاقىتلىق قېچىپ قۇتۇلالىغىنى بىلەن، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ھەققانىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

يالغان سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ ئېرىشىدىغىنى — راست سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ باشقىلارنى ئىشەندۈرەلمەسلىك.



# جۇ ئېنلەينىڭ «ئۆردەك كاۋپىي» دىپلوماتىيىسى

1971- يىل 7- ئايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسوننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى دوكتور كىسىنگىر پاكىستانغا مېڭىش سەپىرىدە بېيجىڭغا مەخپىي كېلىپ، جۇ ئېنلەي بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ باردۇ. نىكسوننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ «جۇڭگولۇقلار بىلەن ئەپلىشىش قىلىشنىڭ ئېھتىماللىقى» ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولىدۇ.

چۈنكى جۇڭگو ئۆردەك كاۋپىي دۇنيادا خەلق سارىيىنىڭ ئۆردەك كاۋپىي پەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دۇكان رەھبەرلىرى تەكرار تاللاش ئارقىلىق، سىياسىيدا ئىشەنچلىك، تېخنىكىدا پىشقان ئاشپەزلەرنى مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۇلارغا مەخسۇس ئىدىيە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچىدۇ. بىخەتەرلىك، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، رەھبەرلەر ئۇلارغا خەلق سارىيىدا مۇھىم زىياپەت بارلىقىنىلا دەيدۇ، كونكرېت كىم ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە

دېمەيدۇ. ئاشپەزلەرگە كاۋاپ قىلماقچى بولغان ئۆردەكلەرنى ياخشى تاللاپ، ئوبدان پىشۇرۇپ، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىپ، قىلچىمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىق تەلىپى قويۇلىدۇ.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شەنبە، كىسىنگېر قاتارلىقلار خان سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا خەلق سارىيىنىڭ فۇجيەن زالىدا ئۇچرىشىش ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. كىسىنگېر كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يىغىن فۇجيەن زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلمەپتىمەن، كېيىن شۇنى بىلدىمكى، فۇجيەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى تەيۋەن بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن ئۆلكە بولغانلىقى، جۇڭگو - ئامېرىكا سۆھبىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسى ئىكەنلىكىدىن مەنە بېرىدىكەن».

جۇڭگو - ئامېرىكا سۆھبىتىنىڭ دەسلىپىدە، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تونۇشمىغاچقا، سۆھبەتتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. جۇ ئېنلەي جۇڭگونىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارىتا كۆز قارىشىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئەمەسلىكىنى، تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدەك نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەكىتلەيدۇ. كىسىنگېر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جۇ ئېنلەينىڭ كۆز قارىشىغا

ئۆزلۈكسىز رەددىيە بېرىدۇ.

چۈشكە قەدەر سۆھبەتتە ئورتاق پىكىر ھاسىل بولمايدۇ، جۇ ئېنلەي گېپىنى ئۆزگەرتىپ: «ئەگەر بىز ھازىر تاماق يېمىسەك، ئۆردەك كاۋىپى مۇزلاپ قالىدۇ» دەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاۋۋال تاماق يەپ، نېرۋىسىنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.

چۈشلۈك زىياپەت ئىنتايىن مول بولۇپ، جەمئىي 12 خىل قورۇما كەلتۈرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە، بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپى «ئاساسىي رول» غا چىقىدۇ. ئۆردەك كاۋىپى يەۋاتقان ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتتىكى جىددىي كەيپىياتى بىردىنلا بېسىقىپ قالىدۇ. جۇ ئېنلەي ئۆزىنىڭ ئىللىق، مۇلايىم پوزىتسىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كىسىنگىرگە چۈەن جۇدې ئۆردەك كاۋىپىنى يېيىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىدۇ ھەمدە ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ نېلۇپەر يوپۇرمىقى شەكىللىك تەخسىگە يالپاقلانغان ئۆردەك گۆشىنى سېلىپ بېرىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي كۆپچىلىكنى بىرلىكتە قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەڭ ياخشى ھارىقى — ماۋتەي ھارىقىنى ئىچىپ، ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ.

چۈشتىن كېيىن سۆھبەت داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىسىنگىر ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، جۇ ئېنلەينىڭ كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، ئامرىكىنىڭ تەيۋەن گومىنداڭدىن ئىبارەت «كونا دوست»نى تاشلىۋېتەلمەيدى-

غانلىقنى تەكرار تەكىتلەيدۇ. جۇ ئېنلەي: «سىزدىن سوراپ باقاي، سىز قانداق دوستتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتىسىز؟ بىر چىرىك، گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان 〈كونا دوست〉 نى كۆزدە تۇتامسىز؟ سىلەر مۇشۇ 〈كونا دوست〉 لاردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن جەزمەن ئۆزۈڭ-لارنى پاسسىپ، ئايرىلىپمۇ كېتەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىسىلەر.» دەيدۇ ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگودىكى بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت، تەيۋەننى ئازاد قىلىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكا قوشۇنى چوقۇم تەيۋەندىن چېكىنىپ چىقىشى كېرەك. بۇ ئۈچ تۈرلۈك مەيدانىمىز ئۆزگەرمەيدۇ» دەپ قايتا تەكىتلەيدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە، سۆھبەت ۋاقتىنچە توختىتىلىدۇ. جۇ ئېنلەي كەچ سائەت 10 دا يەنە ئۇچرىشىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى كۈندىكى كەسكىن سۆھبەت ئارقىلىق، جۇڭگو- ئامېرىكا ئىككى تەرەپ بىرلەشمە قوشما ئاخبارات ئېلان قىلىدىغانلىقنى قارار قىلىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسوننى زىيارەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. نىكسون زۇڭتۇڭ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە 1972- يىل 2- ئايدا پىلان بويىچە ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىدۇ.

جۇ ئېنلەينىڭ جۇڭگو- ئامېرىكا دىپلوماتىيەسى-دىكى ئەقىل-پاراستى ۋە زېرەكلىكى كىيسىنگىردە

چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. 1976- يىلى 1- ئايدا كىسسنگىر جۇ ئېنلەينىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىنتايىن قايغۇردۇم. ھېچكىم ئۇنىڭدەك مول ھاياتىي كۈچكە، كېلەچەكنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى».

شۇ قېتىمقى مەززىلىك ئۆردەك كاۋىپى كىسسنگىردە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بولغاچقا، كىسسنگىر ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونى زىيارەت قىلغان ۋاقتىتا، مەخسۇس چۈەن جۈدې ئۆردەك كاۋىپى دۇكىنىغا كېلىپ بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپىنى يەنە بىر قېتىم تېتىپ كۆردى. ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى: «سەددىچىن سېپىلىغا چىقىش، ئۆردەك كاۋىپى يېيىش، ماۋتەي ھارىقىنى تېتىپ بېقىش ئەڭ ياخشى ھۇزۇر-لىنىش» دېيىشىدۇ.

【تەسىرات】

## ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى تېپىش

جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ «ئۆردەك كاۋىپى» دىپلو-ماتىيەسى جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدىكى بىر قىزىق داستان. جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئايان بولغان، باشقىلار-دىن ئارتۇق تۇرىدىغان يېرى ــــ ئەھۋالنى كۆزىتىپ،

ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش، دەم قېتىۋېلىپ، دەم يۈمشاپ، «ئۆردەك كاۋىپى» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئومۇمى جەھەتتىن سۆھبەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئىگىلىگەنلىكىدە. بۇ ھېكايىدىن بىز ئۇسۇلنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەلەيمىز.

ئۇسۇل — دەريادىن ئۆتۈشتىكى كۆۋرۈك. دەريادىن ئۆتۈشتىكى كېمە؛ ئىزدىنىش يولى كەشپىياتنىڭ ئاچقۇچى. شەيئىلەرنى بىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇسۇلدىن ئايرىلالمايمىز. فرانكىس باكون: «بىر توغرا ئۇسۇلنىڭ بولماسلىقى خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىك» دەپ ئېيتقان.

دۇنيادا ھەممىگە قادىر ئۇسۇل بارمۇ- يوق؟ ئەلۋەتتە يوق. دۇنيادىكى سانسىز، خىلمۇخىل شەيئىلەر بىزنىڭ بىلىش ۋە ھەرىكەت ئوبيېكتىمىزنى تەشكىل قىلغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى تۈرلۈك- تۈمەن خىل بولۇپ، ھەر خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇسۇللارمۇ كۆپ خىل بولىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئىچىدە بىر خىل ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولىدۇ. ئۇسۇل ئوخشىمىسا، ئۈنۈمىمۇ تامامەن پەرقلىق بولىدۇ، ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ھەمىشە ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل — بىر تۈرلۈك ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك يول.

ياخشى ئۇسۇل — كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ كارتىنا، كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق قانۇنىيەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، شۇ ئارقىلىق دۇنيانى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ.



# «گاچا» دىن «دانا بالا» غا ئايلانغان ۋاڭ ياڭمىڭ

ۋاڭ ياڭمىڭ بىر فېئودال ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ دىۋان بېگى ئىدى. ئەمما، ۋاڭ ياڭمىڭغا دادىسىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى قىلچىمۇ مىراس قالمىغانىدى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ بەش ياشقا كىرگۈچىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغان بولۇپ، كېيىنچە ئاجايىپ بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى بىر سىلاپ قويۇش بىلەن تەڭ ئۇ گەپ قىلغانىكەن. گەرچە رىۋايەتنىڭ ئويدۇرما جايلىرى بولسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، ۋاڭ ياڭمىڭ تۇغۇلۇپ تاكى بەش ياشقا كىرگۈچە ھەقىقەتەن گەپ قىلىپ باقمىغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى بىر «گاچا» دەپ قارىغانىكەن. بەزىلەر ئۇنى تۇغما دەلدۈش دەپ قارايدىكەن. دادىسىلا بۇنداق قارىمايدىكەن، ئۇنىڭچە ۋاڭ ياڭمىڭدا پەقەت كېسەللىك بار ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەر يەر، ھەر يەرلەردىن داڭلىق تېۋىپلارنى ئىزدەپتۇ، قەيەردە داڭلىق تېۋىپ بارلىقىنى ئاڭلىسىلا، شۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىدىكەن، ۋاڭ ياڭمىڭ ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ كېسىلى ئاخىر ساقىيىپتۇ.

ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ كېيىنكى ساقايغاندىن كېيىن، ئەقلىنىڭ ئادەتتىكىچە ئىكەنلىكى بىلىنىپتۇ. ئۇ كىچىكىدە گەپ قىلالمىغاچقا ھەم ئوقۇمىغاچقا، باشقا باللاردىن دۆت كۆرۈنىدىكەن. بەزىلەر: «ئۇ گەپ قىلىشنى بۇنچە كېچىكىپ ئۆگەنگەن تۇرسا، ئەلۋەتتە دۆت بولىدۇ-دە، ئۇنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ» دېگەندەك سۆز-چۆچەكلەرنى قىلىشىپتۇ.

كىچىك ياڭمىڭ ئەزەلدىن ئۆزىنى باشقىلاردىن دۆت دەپ قارىغاچقا، ساقايغاندىن كېيىنمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى دادىسىنىڭ قوينىغا ئېتىپ:

— دادا، ھەممەيلەن مېنى دۆت دەۋاتىدۇ، مەن ھەقىقەتەن بەك دۆتمۇ؟— دەپ يىغلاپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، سەن دۆت ئەمەس. داداڭ سېنى چوقۇم ياخشى تەربىيەلەيدۇ، سەن چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولىسەن. باشقىلارنىڭ مەسخىرىسى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غەيرەتكە كېلىپ ئاشۇلارغا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قوي، بولامدۇ؟— دەپتۇ.

دادىسىنىڭ ئىلھامىدىن كېيىن، ۋاڭ ياڭمىڭدا يەنە ئىشەنچ تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ دادىسى ئېيتىپ بەرگەن «دۆت قۇش بۇرۇن ئۇچۇرما بولۇر» دېگەن ھېكايىنى باشتىن-ئاخىر ئېسىدە چىڭ ساقلاپتۇ ھەمدە ئۆزىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرۇپتۇ. ئادەتتە كىتاب

ئوقۇغاندا باشقىلار بىر قېتىم ئوقۇسا، ئۇ ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم، ھەتتا ئون قېتىم ئوقۇپتۇ. ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، باشقىلار ئويناشقا سەرپ قىلغان ۋاقىتنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپتۇ. كۈندۈزى ئۇ ئۇستازىنىڭ دەرسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپتۇ، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن تاماقتىن بۇرۇنقى ۋە تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يالغۇز ئۆزى دادىسىنىڭ كىتابخانىسىغا كىرىپ تاكى ئۆيدىكىلەر ئۇنى تاماق يېيىشكە، ئۇخلاشقا دەۋەت قىلغۇچە ئەستايىدىللىق بىلەن كىتاب ئوقۇپتۇ. يىللار مۇشۇنداق ئۆتۈپتۇ، ئۇ بۇ ئادىتىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتمەپتۇ.

دادىسى ياڭمىڭنىڭ بۇنچە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپتۇ ھەم كىچىك ياڭمىڭغا دەرسلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەكرارلاپ بەرگەنىنىڭ تاشايىنىدا، ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ بېرىپتۇ. ئۆيگە مېھمان كېلىپ، جاھاندىكى چوڭ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشكەن ۋاقىتتا، ۋاڭ ياڭمىڭنى بىر چەتتە تۇرۇپ، باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىپتۇ.

بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئانىسى ياڭمىڭغا تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن كۆيۈنۈپتۇ. ئۇنىڭغا بىر ئېغىز كىتابخانا تەييارلاپ بېرىپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا دەخلى قىلىشىغا يول قويماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا- ئانىسىنىڭ ئىلھام بېرىشى، قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تېزلا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ سوئاللىرىغا خاس قاراش بىلەن جاۋاب

بەرگەچكە، ئۇستازلىرى پەخىرلەنگۈدەك شاگىرت بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بوش ۋاقتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ تۇرلۇك ئويۇن، ئويۇنچۇقلارغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى مەن ھازىر ئىنتايىن ئەقىللىق، ئۇلار ئېيتقاندەك دۆت ئەمەس، ئۇستازىم ئۆتىدىغان دەرسلەرنى ئاللىقاچان تاماملاپ بولدۇم، ئازراق ئوينىسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ دەپ قارايدىغان بولۇپتۇ. دەسلىپىدە ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئازراق ئارام ئېلىۋالسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئۇنى توسۇماپتۇ. كېيىن ئانىسى ئۇنىڭ ئويۇننى دەپ دەرسلەرگە بېرىلمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ شاھمات ئويناۋېرىپ تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئانىسى ۋاڭ ياگمىڭنى كىتابخانىدىن تېپىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، شاھماتنى ئېلىپ سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئانىسىنىڭ بۇ ئىشى ۋاڭ ياگمىڭنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپتۇ. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇرۇن ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەم بۇرۇن ئۆزىنى مازاق قىلغان كىشىلەرنىڭ مازاق قىلغاندىكى تۇرقىنى ئويلاپتۇ...... بىر مەھەل نۇرغۇن خىياللارغا چۆمۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلىمىنى ئېلىپلا «شاھماتنى سۇغا تاشلىۋېتىشكە مەدھىيە» دېگەن شېئىرنى يېزىپ ئانىسىغا بېرىپتۇ:

كۈنبويى شاھمات بىلەن غەمسىز ئىدىم،
تاشلىۋەتتى ئامرىقىمنى ئانىكام......
پېچكىلار تېپىرلىشىپ جان تالاشتى،
گەردە سۇدا تۇنجۇقۇپ تاپتى ئارام.

پىلمۇ ھەم تاغ- داۋاندىن ئاشتىلەر،
ئاتمۇ دولقۇنلار يېرىپ كەزدى داغدام.
توپ ئۇنى يەر- جاھاننى تىترىتىپ،
ھۆجرىدىكى ئەجدىھانى قىلدى رام.

شېئىردا قارىماققا شاھمات تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن-كى ئېچىنىش ئىپادىلەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇشقا بەل باغ-لىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئانىسى ئۇنىڭ بۇنچىلىك تەسىراتقا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچ- ئىچىدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇپتۇ.

ۋاڭ ياڭمىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قارىتىپتۇ. بارا-بارا ئويۇنمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ 11 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى بىلەن بىرلىكتە بىر ياشانغان راھىبنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپتۇ. كەچتە تاغدىكى بۇتخانىدا ياشانغان راھىب زىياپەت راسلاپ ئاتا-بالا ئىككىسىنى كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئەدىب بولغاچقا، بىردەم-دىلا ھاياجانلانغىنىدىن مۇشائىرە ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ۋاڭ ياڭمىڭ ئۇلارنىڭ مۇشائىرىسىگە مەستانە بولۇپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇ دېرىزە سىرتىدىن تولۇن ئاينى ۋە قاتمۇقات كەتكەن تاغ چوققىلىرىنى كۆرۈپ، قەلبى ھاياجان ئىلكىدە سوقۇپتۇ، زادى ئاي چوڭمۇ؟ ياكى تاغمۇ، كىتابلاردا خاتىر-رىلەنگىنى بويىچە ئېيتقاندا ئەلۋەتتە ئاي چوڭ، لېكىن

نېمە ئۈچۈن تاغ ئايدىن چوڭ كۆرۈنىدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ شۇئان قولىغا قەغەز- قەلەم ئېلىپ «ئاينى توسقان تاغ» دەپ تېما قويۇپ بىر پارچە شېئىر يېزىپتۇ:

تاغ يېقىن، ئاي يىراق، شۇڭا كۆرۈنەر ئاي كىچىكرەك،
قارىسىڭىز ئاۋۇ تاغ تۇرار ئايدىن يوغانراق،
گەر ئىنسان كۆزى كۆرەر بولسا سىرلىرىنى ئالەمنىڭ،
تاشلىنار ئاي شۇندىلا تاغدىن قەۋەت يوغانراق.

ئۇ بۇ شېئىرىدا پەننىي بىلىملەر ئارقىلىق بىر خىل تۇرمۇش ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، دادىسى ۋە ياشانغان راھىب ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ بارا-بارا نامى چىقىشقا باشلاپ، كىشىلەر تەرىپىدىن دانا بالا دەپ تەرىپلىنىپتۇ.

【تەسرات】

## تىرىشىپ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ

ۋاڭ ياڭمىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئەقلىي كۈچى ئادەتتىكىچە بولۇشتىن ھەتتا «دۆت» گاچا ھالىتىدىن، ئاغزىنى ئېچىپلا نەزمە ئوقۇيا-لايدىغان كارامەت بالا دېگەن ئاتاققا ئېرىشىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھاياتلىق بىر مەيدان مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ، ئەڭ چوڭ دۈشمەن ھەرگىزمۇ باشقىلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز. سىز كەسىپ ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان مۇساپىڭىزدە، پەقەت تەۋرەنمەس ئىرادە، ئۆزلۈكسىز جەڭگىۋارلىققا تايانسىڭىزلا، ھەقىقىي غالىبلار-دىن بولۇپ چىقالايسىز.

ئەگەر مەغلۇبىيەتكە باشلايدىغان لىفتتىن كاشىلا كۆرۈلگەن بولسا، قېنى پەلەمپەيگە مەرھەمەت، بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن مېڭىڭ. پەلەمپەي ياكى شوتا بولسۇن، بارىدىغان جايىڭىزغا باشلىيالايدۇ، لىفتنىڭ بار- يوقلۇقى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى توختىماي بىر قەدەم- بىر قەدەمدىن يۇقىرىغا ئۆرلىشىڭىزدە.

جەڭگىۋارلىق ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك. سىز ئى-شانغا قاراپ مەغرۇر ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرە ئاۋازلىرى، كىنايىلىك سۆزلىرى، رەزىل باھالىرى تۈپەيلى مۈدۈرۈپ كەتمەڭ، پەقەت قۇ-لىقىڭىزنى ئېتىۋېلىپ، ئۇلارغا پەرۋا قىلماي، داۋاملىق ئىلگىرىلەڭ.

مۇبادا سەپىرىڭىزدە بىرەر ئاۋارىچىلىك ياكى توسالغۇغا ئۇچرىسىڭىز، ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭ، ئۇنى ھەل قىلىڭ، ئان-دىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەڭ، شۇندىلا مەسىلىلەر دۆۋى-لىنىپ قالمايدۇ، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلغان چېغىڭىزدا، باشقا مەسىلىلەرمۇ بىردەمدە ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ. ۋاقىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېتەلەيدۇ، سىز پە-قەت ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىپ، بىردىن- بىردىن

ھەل قىلىڭ، بەك ئالدىراقسانلىق قىلماڭ ياكى ھەممىسى-
دىن ۋاز كەچمەڭ. شۇندىلا ئۆزىڭىزدە زور ئۆزگىرىش
بولغانلىقىنى بايقايسىز، غەيرىتىڭىزمۇ ئاشىدۇ، ئىشەنچى-
ڭىزمۇ كۈچىيىدۇ. سىز ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل
شادلىققا چۆمىسىز. خىزمەتلىرىڭىزمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ھەم
ياخشى بىلىنىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىزمۇ ياخشى تە-
رەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئىلگىرىلەش يولىڭىزدا ئۆزىڭىزگە ھەرگىزمۇ «ياق»
دېمەڭ، چۈنكى «ياق» دېگەن سۆز ئىرادىڭىزنى تەۋ-
رىتىپ قويۇشى، نىشانىڭىزدىن ئاداشتۇرۇشى، شۇ ئارقى-
لىق، دەسلەپكى نۇقتىغا قايتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز-
نى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن.

مۇھىت قانچە جاپالىق بولسا، شۇنچە مۇستەھكەم
ئىرادە ۋە ئىشەنچ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھۇرۇنلۇقنىڭ
زىيىنىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.



# ئادەم بولۇش يوللىرى

# مىخ

بىر ئوغۇل بالا بار بولۇپ، ئاچچىقى ئىنتايىن يامانكەن، شۇڭلاشقا دادىسى ئۇنىڭغا بىر خالتا مىخ بېرىپ، ھەر قېتىم ئاچچىقى كەلگەن ۋاقىتتا بىر تال مىخنى ئارقا ھويلىدىكى رېشاتكىغا مىخلاشنى ئېيتىپتۇ.

بىرىنچى كۈنى بۇ بالا 37 تال مىخ قېقىپتۇ. بارا-بارا مىخلايدىغان مىخنىڭ سانى ئازىيىپتۇ. ئۇ ئاچچىقىنى كونترول قىلىشنىڭ مىخ قېقىشتىن ئوڭايراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ.

ئاخىر بىر كۈنى بۇ ئوغۇل بالا تاقەتسىزلىنىپ، ئاچچىقلىنىدىغان ئىشنى قىلمايدىغان بولۇپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتىپتىكەن، دادىسى ئۇنىڭغا ھازىردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى كونترول قىلالىغان چاغدا، بىر تال مىخنى يۇلۇپ ئېلىشنى ئېيتىپتۇ.

كۈنلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈپتۇ. ئاخىر ئوغۇل بالا دادىسىغا بارلىق مىخلارنى يۇلۇپ ئېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئارقا ھويلىغا كېلىپ:

— سەن ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ بالام، ئەمما ياغاچ رېشاتكىدىكى ئاۋۇ مىخلىغان تۆشۈكلەرگە قارا، بۇ

رىشاتكىلار ئەمدى مەڭگۈ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتال-
مايدۇ. سەن ئاچچىقلىغان ۋاقتىتا، ئىيتقان گىپىڭ مۇ-
شۇ تۆشۈكلەرگە ئوخشاش مەڭگۈ تاتۇق بولۇپ قالىدۇ.
ئەگەر سەن پىچاقنى باشقىلارغا سانجىپ، ئۇنىڭدىن
مىڭلاپ كەچۈرۈم سورىساڭمۇ، يارا ئاغزى مەڭگۈ ساق-
لىنىپ قالىدۇ. تىلنىڭ زەخمىسى ھەقىقىي يارا ئازابىغا
ئوخشاش بولۇپ، كىشىلەر بۇنىڭغا چىداشلىق
بىرەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

【تەسرات】

## كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ بولغاندىلا ئاندىن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ

ئوغۇل بالا مىخنى قىقىش ۋە يۇلۇش ئارقىلىق،
كىشىلىك ھاياتىكى مۇھىم بىر دەرس، يەنى كىشىلەرگە
كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋالدى.
بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم چوقۇم
كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەم. چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا
چىقىرىمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم كۆڭلى - كۆكسىمىز
كەڭ بولۇشى، پەقەت بىر قىسىم كىشىلەر ۋە ئىشلارغا
قارىتا سوغۇققان بولۇپ توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئادىتىنى
يېتىلدۈرسەكلا، ئاندىن كەلگۈسى ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپە-
قىيەت ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشەلەيمىز.
ھاياتىڭىزدا قانچىلىك ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىڭ

ياكى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراڭ، سىز يەنىلا پوزىتسىيىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى، مېھرىبانلىقىنى نامايان قىلىسىڭىزلا، تۇرمۇشتا پۇتمەس- تۈگىمەس كېرەكلىك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولالايسىز.

كۆكسى- قارنى كەڭ ئادەم گەرچە نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن كەسپىنكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى ئاشۇ مال- مۈلكى بولسىمۇ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە «ئادىمىيلىك» ى كەمچىل بولغان ئادەملەرگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بارغانلا يەردە باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان كىشى بارغانلا يېرىدە باشقىلارنى بىزار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىز ئۆزىڭىزنى بىر پارچە ماگنىت تاش قىلىپ تاۋلاپ چىقىپ، ھەرقانداق شەخسنى ئۆز ئەتراپىڭىزغا جەلپ قىلىشنى ئويلايدىكەنسىز، ئۇنداقتا سىز كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدا باشقىلارنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئاق كۆڭۈل روھنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشىڭىز، ياردەم بېرىشنى خالىشىڭىز كېرەك.

ھەممە ئادەم كۆكسى- قارنى كەڭ ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇبادا سىز كۆپرەك دوست تۇتۇشنى خالىسىڭىز، چوقۇم كەڭ قورساق بولۇشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىڭىز، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا دىققەت قىلىشىڭىز، باشقىلارنىڭ يامان تەرەپلىرىنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلىشىڭىز كېرەك.

باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىتا داۋاملىق تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن، ئاچچىق گەپلەر بىلەن چېقىشالدىغانلار-دىن ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەك، بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى خەتەرلىك، ئىشەنچسىز كېلىدۇ.

كۆكسى- قارنى كەڭ ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈشى يامان تەرەپلىرىنى كۆرۈشىدىن تېز بو-لىدۇ. ئەكسىچە، ئىچى تار ئادەمنىڭ نەزىرىگە داۋاملىق سەۋەنلىك، يېتىشسىزلىك، ھەتتا جىنايەت ئىلىنىشىپ قا-لىدۇ. باشقىلارنى كەمسىتىدىغان ۋە باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچى تار، قەلبى ساغلام بولمىغان بولىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى بايقىيال-مايدۇ ۋە ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇبادا ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلغان بولسا، ئىچى تار ئادەم يەنىلا «بىراق»، «مۇبادا» دېگەندەك سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىپ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە ئېرىش-كەن كىشىلەرنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىدىن شۈبھىلىنى-دۇ، ئۇلارنىڭ ئىززەت- ئابرۇيىنى تۆكۈشنى ئويلايدۇ. ئەمما، كۆكسى- قارنى كەڭ ئادەم گەرچە باشقىلارغا نەپرەتلىنىپ تۇرسىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ شۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىدۇ.

# دىنىي قائىدە

موناستىردا ھەر يىلى شۇنداق بىر مەزگىل بولىدۇ، يەنى موناخلار تاماقتىن پەرھىز تۇتۇپ، بېلىق ۋە گۆشلۈك تائاملارنى قەتئىي يېمەيتتى. بۇ موناستىردا قاتتىق بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدە ئۇلار سىرتقا سەدىقە تىلەپ چىقسا ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغان بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئومۇمەن تەڭرى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان يېمەكلىكلا بولىدىكەن، ئۇلار چامىنىڭ يېتىشىچە بەھرىمەن بولاتتى.

بىر كۈنى ئىككى موناخ سىرتقا ئىش بېجىرگىلى چىقىپتۇ، ئۇلار خالىغانچە مېڭىپ يۈرۈپ بىر سارايغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە بىرئاز ھاردۇقىنى ئېلىۋېلىپ، ئازراق تاماق يېۋېلىشنى ئويلاپتۇ. ئۇلار ساراي ئىچىگە كىرگەندە، ئوي- لىمىغان يەردىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر سودىگەرگە ئۇچراپ قاپتۇ.

ساراي خوجايىنى ئىنتايىن كەمبەغەل ئادەم بولۇپ، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالغۇدەك نەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇ نۇرغۇن چارە- ئاماللارنى ئويلاپ، تاماق ئۈستىلىگە پەقەت ھەم كىچىك، ھەم ئورۇق، پەقەت كەپتەر چوڭلۇقىدىكى بىر دانە توخۇنى كەلتۈرەلەيدىكەن.

توخۇ كاۋىپى پىشىپتۇ، خوجايىن ئۇنى ئاچا تۆمۈردىن

ئېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بۇ ئۈچ مېھماننى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

سودىگەر بەك ھىيلىگەر ئادەم ئىكەن، ئۇ كۆزنى بىر يۇگۇرتۇپلا كۆڭلىدە بۇ توخۇ كاۋىپىنىڭ پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ يېيىشىگە يېتىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ موناخلارغا:

— ئەگەر مەن خاتالاشمىغان بولسام، بۇ بىرنەچچە كۈن سىلەرنىڭ پەرھىز كۈنۈڭلارغۇ دەيمەن، مەن سىلەر- نىڭ دىنىي قائىدىلەرنى بۇزۇشۇڭلارنى خالىمايمەن، تو- خۇنى يېيىشتىن ئىبارەت بۇ گۇناھنى مەن ئۆزۈملا ئۈستۈمگە ئالاي، — دەپتۇ.

موناخلار ئۇنىڭغا راھىبلار سىرتتا مۇساپىر بولۇپ يۈر- گەن چېغىدا بۇنىڭدىن ساقلىنالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىشنى ئويلاپتۇ. لېكىن، ھىيلە- مىكىردە ئۇ- چىغا چىققان سودىگەر ئۇ ئىككىسىنى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلدۇرماستىن، توخۇنى تۇتۇپلا يالماپ يېيىشكە باشلاپتۇ. موناخلارنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشتىن باشقا ئامالى قالماپتۇ.

سودىگەر توخۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن، توخۇنىڭ سۆڭەكلىرىنىمۇ يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان موناخلار پەقەت بىر پارچە بولكا ۋە كىچىككىنە ئېرىمچىككىلا ئېغىز تەگكۈزەلەپتۇ. تاماق يېيىلىپ بولغان- دىن كېيىن ئۇلار بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپتۇ. موناخلار ياياق بولغاچقا پىيادە يول يۈرۈپتۇ، سودىگەرمۇ پىخ- سىقلىقىدىن كەشىنى ئاياپ پىيادە يول يۈرۈپتۇ. ئۇلار شۇ

يۇرگىنىچە بىر چوڭ دەريانىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتۇ، دەريا ئۇلارنىڭ بېرىش يولىنى توسۇپ قويۇپتۇ.

بىرەسمىي قانۇنغا ئاساسەن، بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئادەت بويىچە بەدىنى قاۋۇل، ساغلام بولغان موناخ ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ سودىگەرنى يۈدۈپ دەريادىن ئۆتكۈزۈشى كېرەككەن. سودىگەر ئىنتايىن سېمىز بولۇپ، موناخ ئۇنى يۈدىگەن پېتى سۇغا كىرىپتۇ.

سودىگەر بېلىگە سەپەر بوغچىسىنى تۈگۈپ، قولىدا كەشىنى كۆتۈرۈپ، راھەتلەنگەن قىياپەتتە موناخنىڭ دۈمبىسىگە ئېسىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن ۋاقتىتا، موناخ سودىگەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەللىرى ئېگىلىپ مۈكچىيىپ، ھاسىراپ ماڭالمايلا قاپتۇ. موناخ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قائىدىسىنى ئەسكە ئاپتۇ-دە، ئىككىلەنگەن ھالدا توختاپ، بېشىنى ئارقىغا بۇراپ سودىگەرگە:

— قەدىرلىكىم، ماڭا ئېيتىسىڭىزچۇ، سىز پۇل ئېلىۋالغانمۇ-يوق؟

— نېمىدېگەن ئەخمىقانە سوئال بۇ، — دەپتۇ سودىگەر ئەجەبلەنگەن ھالدا، — بىر ھەقىقىي سودىگەر سىرتقا چىققاندا قانداقسىگە پۇل ئېلىۋالمىسۇن؟

— ناھايىتى خىجىلمەن، دىنىي قائىدىمىز بىزنىڭ مال-مۈلۈكنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشىمىزگە رۇخسەت قىلمايدۇ، — موناخ شۇنداق دېگىنىچە قولىنى قويۇۋېتىپلا سودىگەرنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. سودىگەر ئورنىدىن تۇرغان ۋاقتىدا، پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق

ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە مەككارلىقىنىڭ ئاخىر جازاسىنى يېگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپتۇ.

【تەسرات】

## يامانلىققا يامانلىق

بۇ مەسەل بىزگە شەخسىيەتچىلىك ۋە مەككارلىقتىن ئىبارەت بۇ خىل ناچار قىلمىشنىڭ ئاخىر جازاسىنى تارتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. جۇڭگودا مۇنداق ئىككى تەمسىل بار: «تۈلكە ھەرقانچە مەككار بولسىمۇ، ئوۋچىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ»؛ «تۈلكىنى تۇتىمەن دەيدىكەنسەن، تۈلكىدىنمۇ ھىيلىگەر بولۇشۇڭ كېرەك». ئاشۇنداق شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، بىلەرمەنلىك قىلىپ باشقىلارنى ئەخمەق قىلىدىغان ياكى ئىشنى مەككارلىق، ھىيلە- نەيرەڭ بىلەن قىلىدىغان كىشىلەر ئەگەر تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىسە، مەسەلدىكى موناخقا ئوخشاش «كىشىنىڭ يولىدا كىشىنى بابلاش»نىڭ ھېچ يامىنى يوق، بەلكىم بۇ خىل ئۇسۇل ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، دەرھال ئەس- ھوشىنى يىغىپ، يامانلىقىنى ئۆزگەرتىپ ياخشى يولغا قايتىشىغا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

چاكىنا كىشىلەر ھەمىشە ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش — ئەزەلدىن چاكىنىلىقنىڭ بىر تەركىبى.

# ئالتۇن تىلەش

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئىنتايىن باي بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مىداس ئىكەن. ئۇنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى ئالتۇننىڭ سانى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق پادىشاھتىن كۆپ ئىكەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى ئالتۇننى تېخى ئانچە كۆپ ئەمەس دەپ قارايدىكەن. ئۇ تاساددىپىي تېخىمۇ نۇرغۇن ئالتۇنغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئالتۇنلىرىنى ئوردىنىڭ ئاستىدىكى بىرنەچچە چوڭ يەر ئاستى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ھەمدە ھەر كۈنى ئۇ يەردە ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئالتۇنى بارلىقىنى ساناپ باقىدىكەن.

پادىشاھ مىداسنىڭ مارىگىد ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، پادىشاھ بۇ قىزىغا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن ۋە ئۇ قىزىغا دائىم «سەن كەلگۈسىدە دۇنيادىكى ئەڭ باي مەلىكىگە ئايلىنىسەن!» دەيدىكەن.

ئەمما، بۇ ئىشلار مارىگىدنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ قويمايدىكەن. دادىسىنىڭ بايلىقىغا قارىغاندا، ئۇ گۈل-گىياھ ۋە ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزى يالغۇز ئوينايدىكەن. دادىسى تېخىمۇ كۆپ ئالتۇنغا ئېرىشمەن ۋە

قانچىلىك ئالتۇنۇم بارلىقىنى سانايمەن دەپ تۇگىمەس ئىشلار بىلەن ئالدىراشلا ئۆتىدىكەن. باشقا دادىلارغا ئوخشمايدىغىنى پادىشاھ قىزىغا ئىنتايىن ئاز چاغلاردىلا ھېكايە ئوقۇپ بېرىدىكەن، قىزىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە سەيلە قىلىدىغان ۋاقتى تېخىمۇ ئاز ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ مىداس خەزىنىسىگە كەپتۇ. ئۇ دەرۋازىنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالغاندىن كېيىن، ئالتۇن يوشۇرۇلغان ساندۇقلارنى ئېچىپتۇ. ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ، بىر-بىرلەپ سىلاپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. قارىغاندا ئۇ بۇ خىل تۇيغۇغا خۇشتار بولغان چېغى، ئالتۇنلارنى قولىغا ئېلىپ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن پەسكە چۈشۈرۈپ، خۇشاللانغىنىدىن ئۇلارنىڭ بىر- بىرىگە سوقۇلغان ئاۋازىنى خۇددى بىر مۇڭلۇق مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھالەتتە زەن سېلىپ ئاڭلاپتۇ. تۇيۇقسىز بىر كىشىنىڭ كۆلەڭگۈسى ئالتۇن دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، بىر ئاق كىيىملىك ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ مىداس قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئېسىدە ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ خەزىنىسى ئانچە بىخەتەر ئەمەس ئوخشايدۇ، ئەمما ناتونۇش كىشى داۋاملىق ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ.

— سىزنىڭ نۇرغۇن ئالتۇنلىرىڭىز بار ئىكەن- ھە، مىداس شاھ، — دەپتۇ ناتونۇش كىشى.

— توغرا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمما دۇنيادىكى

پۈتكۈل ئالتۇنغا سىلىشتۇرغاندا بۇ ئىنتايىن ئاز!

— نېمە! سىز تېخى قانائەت قىلمايدىغان ئوخشىمامسىز؟— دەپ سوراپتۇ ناتونۇش كىشى.

— قانائەت؟— دەپتۇ پادىشاھ، — ئەلۋەتتە قانائەت قىلمايمەن. مەن ھەر دائىم كېچىلىرى ئۇخلىيالمايمەن، بارلىق چارە- ئاماللار بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئالتۇنغا ئېرىشىشنى ئويلايمەن. مەن ئۆزۈم تۇتقان ھەرقانداق نەرسىنى ئالتۇنغا ئۆزگەرسىكەن دەيمەن.

— سىز ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلامسىز، مىداس ئالىيلىرى؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، باشقا ھەرقانداق ئىش مېنى بۇنىڭدەك خۇشال قىلالمايدۇ.

— ئۇنداقتا سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەتە ئەتىگەندە قۇياشنىڭ بىرىنچى زەررە نۇرى دېرىزىڭىزدىن ئۆيىڭىزگە كىرگەن ۋاقىتتا سىز ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسىغا ئىگە بولىسىز.

ناتونۇش كىشى گېپىنى تۈگىتىپلا غايىب بولۇپتۇ. مىداس شاھ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— بايا چۈش كۆرۈپتىمەن-دە، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا قانچە خۇش بولاتتىم-ھە!— دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى مىداس شاھ ئويغانغان ۋاقىتتا، ئۆي ئىچىگە تاڭ نۇرى چۈشكەنىكەن. ئۇ قولىنى سۇنۇپ، كارىۋات ياپقۇچنى تۇتقانىكەن، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەپتۇ. «مەن بىلەتتىم، ئۇ ئىش راست ئەمەس» دەپتۇ ئۇ خورسىنىپ تۇرۇپ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، سەھەردىكى قۇياش

نۇرى دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە نۇر چېچىشقا باشلاپتۇ. مىداس شاھ بايا تۇتۇپ قويغان كارىۋات ياپقۇچ ساپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. «بۇ راستكەن، راستكەن!» دەپ ۋاقىراپتۇ خۇشاللانغان ھالدا.

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. نېمىنى كۆرسە شۇنى تۇتۇپ بېقىپتۇ. ئۇنىڭ كىيمەكچى بولغان ئۇزۇن يەكتىكى، سايما كەشى ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، مارىگىدنىڭ گۈللۈكىگە قاراپتۇ. «مەن ئۇنى ئاجايىپ خۇش قىلىۋېتىمەن» دەپتۇ ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۇ گۈللۈككە كېلىپ مارىگىدنىڭ گۈللىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ. «ئۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ، ناشتا قىلىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام ئوقۇغان كىتابىنى قولىغا ئالغانىكەن، بىراق ئۇ كىتابقا تېگىشىگىلا كىتاب ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. «مەن ھازىر بۇ كىتابنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، بىراق ئۇنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالغىنى تېخىمۇ ياخشى بولدى» دەپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر مالاي يېمەكلىك كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. «قارىماققا تاماق ئىنتايىن ئوخشاپتۇ، مەن ئالدى بىلەن قىزىرىپ پىشقان بۇ شاپتۇلنى يەي» دەپتۇ ئۇ.

ئۇ شاپتۇلنى قولىغا ئاپتۇ، ئەمما شاپتۇلنىڭ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى تېتىماي تۇرۇپلا، شاپتۇلمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىپ

قاپتۇ. مىداس شاھ شاپتۇلنى تەخسىگە قويۇپ قويۇپتۇ. «بۇ شاپتۇل بەك چىرايلىقكەن، لېكىن يېيەلمىدىم - دە!» دەپتۇ ئۇ. ئۇ تەخسىدىن بىر دانە تۇرمەلنى ئاپتۇ، لېكىن تۇرمەلمۇ شۇ ھامان ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بىر ئىستاكان سۇنى كۆتۈرۈپ سۇنى بىر تىنىمدۇ ئىچمەي تۇرۇشىغا ئۇمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. «قانداق قىلسام بولار؟» مەن ھېرىپ - ئېچىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئالتۇننى ھەم يېگىلى بولمىسا، ھەم ئىچكىلى بولمىسا!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ كىچىك مارىگىد بىر تال ئەتىرگۈلنى كۆتۈرگىنىچە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا كىرىپ كەپتۇ.

— نېمە بولدى قىزىم؟— دەپ سوراپتۇ شاھ.

— ئاھ، دادا! قاراڭ، مېنىڭ ئەتىرگۈلۈم نېمە بولغاندۇ! ئۇلار ھەم قاتتىق، ھەم سېسىق بوپقاپتىغۇ!

— ئۇلار دېگەن ئالتۇن ئەتىرگۈل، بالام، سىز ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ياق،— دەپتۇ ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ،— ئۇلارنىڭ پۇرىقىمۇ يوق ئىكەن ھەم ئۆسەلمەيدىكەن. مەن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەتىرگۈلگە ئامراق.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ قىزىم، ھازىر ناشتا قىلايلى،— دەپتۇ شاھ.

مارىگىد دادىسىنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى، ھەسرەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئىش بولدى، سۆيۈملۈك دادا؟— دەپ سو-

راپتۇ، ئاندىن دادىسىغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇ ئىككى قولىنى سۇنۇپ دادىسىنى قۇچاقلاپتۇ، دادىسى قىزىنى سۆيۈپ قويۇپتۇ. ئەمما، ئازابلىق ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ قىزىنى تۇتقانىكەن، قىزىنىڭ چىرايلىق يۈزى پارقىراق ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئىككى كۆزى ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ، لەۋلىرىنىمۇ مىدىرلىتالماپتۇ، ئىككى قولىمۇ دادىسىنى قۇ-چاقلاشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ ئەمدى ئۇماق، كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان قىزچاقتىن بىر دۆۋە ئالتۇن ھەيكەلگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

مىداس بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا يىغلاپ كېتىپتۇ.

— سىلى خۇشالمۇ، ئالىيلىرى؟— ئۇ بىرسىنىڭ سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— خۇشال؟! سەن نېمىشقا بۇنداق سوئال سورايسەن! مەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم! — دەپتۇ پادىشاھ.

— سىلى ئالتۇن تىلەپ مەقسەتلىرىگە يەتتىلە، ئەجەبا مۇشۇمۇ يەتمەمدۇ؟— دەپتۇ ناتونۇش كىشى.

مىداس شاھ ئۈن- تىنسىز بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ.

— يېمەكلىك، بىر ئىستاكان سۇ ۋە ئالتۇنلاردىن سىلى قايسى نەرسىگە بەكرەك ئېھتىياجلىق؟

— ئاھ، مېنىڭ كىچىك مارىگىدتىمنى قايتۇرۇپ بەر-سەڭ، مەن بارلىق ئالتۇنلىرىمدىن ۋاز كېچىشكە رازى، مەن ئۆزۈم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىمدىن ئاي-رىلىپ قالدىم،— دەپتۇ شاھ.

— سىلى ھازىر بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىن كۆپ ئەـ
قىل تاپتىلا، مىداس شاھ،— دەپتۇ ناتونۇش كىشى ۋە:—
گۈللۈكنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئاشۇ دەرياغا چۈشۈپ،
دەريا سۈيىدىن ئېلىپ، سىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى
خالىغان نەرسىگە چاچسىلا،— بۇ گەپ تۈگىشى بىلەنلا
ناتونۇش كىشى كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

مىداس شۇ ھامان دەريا بويىغا بېرىپ، دەرياغا سەكـ
ـرەپ بىر كوزا سۇ ئېلىپ، ھاپىلا- شاپىلا ئوردىسىغا
قايتىپتۇ. ئۇ سۇنى مارىگىدقا چاچقانىكەن، ئۇنىڭ يۈزلىرى
دەرھال ئۆز رەڭگىگە كەپتۇ. ئۇ بىر جۈپ دېڭىزرەڭ
كۆزلىرىنى ئېچىپ:

— ئاھ دادا! نېمە ئىش يۈز بەردى،— دەپتۇ.

مىداس شاھ خۇشاللىقىدىن تووۋلىغىنىچە قىزىنى باغـ
ـرىغا بېسىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، مىداس شاھ ئالتۇننى ياخشى
كۆرمەس بولۇپتۇ، ئۇ پەقەت ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى ۋە
ماگىرىدنىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىرىنىلا ياخشى كۆرۈپتۇ.

【تەسىرات】

## ھەددىدىن زىيادە نەپسانىيەتچىلىك قىلىسىڭىز ئەمىن تاپالمايسىز

ماددىي مەئىشەتلەرگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش
روھنىڭ غەيرىي نورمال ھالەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىپ، مەنىۋى جەھەتتە مەڭگۈ تىنچ ـ خاتىرجەم ئۆتەلمەسلىككە، مەڭگۈ غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتۈشكە سەۋەب بولىدۇ. خۇددى بۇ ھېكايىدىكى پادىشاھقا ئوخشاش، گەرچە ئۆزىنىڭ قولىدا زور مىقداردىكى ئالتۇن بولسىمۇ، يەنىلا قانائەت ھېس قىلمايدۇ. ئالتۇن تىلەشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ نۇرغۇن ئالتۇنغا ئىگە بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قولى تەگكەنلىكى يەر، مەيلى قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا ئۇنىڭ ئامراق قىزىمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. پادىشاھنى پەرىشانلىق ئورىۋېلىپ، خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولىدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ نۇرغۇن ئالتۇنغا ئېرىشىشنى بەخت دەپ ھېسابلىمايدىغان بولىدۇ.

بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولىمەن دەيدىكەنسىز، ئۆز نەپسىڭىزنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز، شۇنداقلا ۋاز كېچىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

ۋاز كېچىش — بىر خىل يول قويۇش، يول قويۇش ھەرگىزمۇ چېكىنگەنلىك ئەمەس. بىر قەدەم يول قو- يۇش — كۈچ- قۇۋۋەت توپلىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ياخشى ئالغا بېسىش ئۈچۈندۇر. ۋاز كېچىش بىر خىل مادارىغا بېقىپ ئىش كۆرگەنلىك يولۇپ، بىرنەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، جاپا چېكىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى، قىلالمايدىغانلىقنى ئېنىق بىلگەن ئىشنى چوقۇم قىلىمەن دەپ ئېسىلىۋې- لىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

ۋاز كېچىش ئەقىل- پاراسەتكە موھتاج، ئۆزىڭىزگە

تەۋە بولۇشقا تېگىشلىكنىڭ ئۆزىگىزنىڭ ئىكەنلىكىنى، سىزگە تەۋە ئەمەس نەرسىگە قانچە تىركەشسىڭىزمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. بەزى چاغلاردا سىز ئېرىشتىم دېگەن بىلەن، ئېھتىمال بۇنى دەپ يوقاتقانلىرىڭىز تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىدە نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالدىم دەپ ئويلىغىنىڭىزدا، ئېرىشكىنىڭىز تېخىمۇ نۇرغۇن بولۇشى مۇمكىن.

«ماددىي مەنپەئەت ئالدىدا ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق كېرەك»، بۇ تەپەككۇردىن كېلىپ چىققان ئويغىنىش. كىم بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، شۇ تېخىمۇ ئەركىن-ئازادە، ئىختىيارىي ياشايدۇ.

بەزى كىشىلەر بايلىققا تايىنىپ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېتىقسىزلىقى ۋە ئەخمەقلىقىنى تېخىمۇ ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ.



# بىھوشلاندۇرغۇچى ئوت-چۆپ

قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر سېتىقچى بىر كىچىك مېھمان-
سارايغا چۈشۈپتۇ. سېتىقچى ماللىرى قاچىلانغان تاغارنى
ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ، ئايال خوجايىننى تېزدىن
كەچلىك تاماق ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئايال خوجايىن دەرھال ئاشخانىغا چىقىپ تاماققا تۇ-
تۇش قىپتۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوچاققا ئوت قالىغاچ، بىر
تەرەپتىن خىيال سۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ يولۇچىنىڭ تا-
غىرىدا نېمىلەر باردۇ؟ قارىغاندا بۇ تاغارغا نۇرغۇن نەرسىلەر
قاچىلانغان ئوخشايدۇ، چۈنكى باياتىن ئۇ تاغارنى ئۆينىڭ
بۇلۇڭىغا قويغان ۋاقىتتا پولنىمۇ تىترىتىۋەتتى.

كەچلىك تاماق تېزلا تەييار بولۇپتۇ. ئايال خوجايىن
تاماق ۋە قورۇمىلارنى مېھماننىڭ خانىسىغا ئەكىرىپ بەر-
گەن ۋاقىتتا، كۆزلىرىنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان تاغارغا
تىكىپتۇ.

سېتىقچىنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەنلىكتىن،
ئايال خوجايىننىڭ نەگە قاراۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماستىن،
تاماقنى ئاچ بۆرىدەك يېيىشكە باشلاپتۇ. تاماق ۋە قورۇمىلار
تېزلىكتە يېيىلىپ تۈگەپتۇ، ئۇ ئېغىز- بۇرنىنى سۈرتۈۋې-
تىپلا، ئۆزىنى كونا ياغاچ كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.
ئايال خوجايىن ئېرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، پەس ئاۋازدا:

— ئۇ سېتىقچىنىڭ تاغىرىدا ھەممە نېمە باركەن، بىزنىڭ بىرنەچچە قۇر كىيىم ۋە ئىشتان قىلىپ كىيد-شىمىزگە يەتكۈدەك. ئويلاپ بېقىڭ، بىز قانداق قىلساق ئۇ سېتىقچىنى كەتكۈزۋېتىپ، تاغىرىنى ئېپقالالايمىز؟— دەپتۇ.

— بۇ بەكلا ئاددىي ئىشقۇ،— دەپتۇ ئېرى، ئار-قىدىنلا،— ئۇنىڭغا ئازراق بىھوش قىلىدىغان ئوتنىڭ سۇ-يۇقلۇقىنى ئىچۈرۈۋەتسەك، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلى-يىتى يوقايدۇ. ئۇ ئەتە مېھمانسارايدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا، تاغارنى چوقۇم بۇ يەردە ئۇنتۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق قىلى-ساقلا، بىز ئوڭايلا ئاشۇ تاغارغا ئېرىشەلەيمىز ئەمەسمۇ؟— دەپتۇ.

ئايالى ئېرىنىڭ ئامالىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تېزلىكتە يېقىن ئەتراپتىكى ئوتلاقتا يۈگۈرۈپ بېرىپ، نۇرغۇن بىھوش قىلغۇچى ئوتنى تېرىپ ئەكېلىپ، چۆگۈنگە سېلىپ خېلى ئۇزاق قاينىتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ سۈيىنى بىر رومكا ھاراققا تېمىتىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا سېتىقچى ئاللىقاچان قاتتىق خورەك تارتىشقا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئايال خوجايىن ھاراق رومكىسىنى كۆتۈرۈپ، سېتىقچىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئىنتايىن تەسلىكتە ئويغىتىپتۇ. ئۇ كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

— ئويغىنىڭ، قارىغاندا خېلى چارچاپ كەتكەندەك تۇرىسىز، بۇ ھاراقنى ئىچىپ، ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىۋې-لىڭ،— دەپتۇ.

— لېكىن مەن ھاراق بۇيرۇتمىغانىغۇ،— دەپتۇ سې-

ـتىقچى.

— بىزنىڭ دۇكانىنىڭ بىر قائىدىسى بار،— دەپتۇ ئايال خوجايىن چۈشەندۈرۈپ،— بىزنىڭ مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكى خېرىدارنى بىز ھەقسىز بىر رومكا ھاراق بىلەن تەمىنلەيمىز.

— سىلەر بەك ئەتراپلىق ئويلاپسىلەر، كۆپ رەھـ ـمەت!— سېتىقچى ھاياجانلانغان ھالدا ئايال خوجايىن ئەكەلگەن ھاراقنى ئېلىپلا كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن كارىۋاتتا يېتىپلا خورەككە كېتىپتۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى خوجايىن ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماپتۇ، ئۇلار خۇشال ھالدا بىر كېچە مۇڭدىشىپ، بۇ تۇيۇقسىز ئېرىشكەن بايلىقنى قانداق ئىشلىتىشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە قۇياش تېخى كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپلا، ئايال خوجايىن ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئالدىراپلا ئور- نىدىن تۇرۇپ، خۇشاللىقىدا قىن- قىنىغا پاتماي سېتىق- چىنىڭ تاغارنى ئۇنتۇپ قېلىپ كەتكەن- كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇ ئارام ئېلىۋاتقان ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. لېكىن، ئايال ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئاغزىنى بۇزۇپ ئېرىنى تىللاپ كېتىپتۇ:

— سەن ھەمىشە باشقىلارنىڭ يالغان- ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىسەن، سەن مېنى ئالداپسەن، ۋۇ قېرى ئەخمەق، سېنىڭ بىھوش قىلغۇچى ئوتۇڭنىڭ نېمە پاي- دىسى بولدى، تاغارنى يەنىلا سېتىقچى ئېلىپ كېتىپتۇغۇ!

【تەسرات】

## ئاچ كۆزلۈك كىشىگە زىيانلىق

بۇ مەسەلدە مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىد-
ىدىغان، باشقىلارنىڭ پۇل- مېلىغا كۆز قىزارتىدىغان يامان كىشىلەر ئاچچىق مەسخىرە قىلىنغان. ئۆزگىگە يامانلىق قىلساڭ ئۆزۈڭگە يانىدۇ.

كىچىك سارايىنىڭ ئايال خوجايىنى سېتىقچىنىڭ ئېغىر تاغىرىنى كۆتۈرۈپ قونالغۇ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئاچ كۆزلۈكى تۇتۇپ، ئېرى بىلەن قانداق قىل-
غاندا خېرىدارنىڭ تاغىرىنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدى-
غانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىدۇ. ئېرى ئۇنىڭغا بىھوش قىلغۇچى ئوتنىڭ كىشىنىڭ ئېسىنى يوقىتىدى-
غانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ سېتىقچىنى ئالداپ بىھوش قىلغۇچى ئوتنىڭ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان ھەقسىز ھاراقنى ئىچۈرىدۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئېتىشىنى ساقلاپ كۆزى تۆت بولىدۇ، لېكىن كىم بىلسۇن، خېرىدار تاغىرىنى ئېلىپ كېتىپلا قالماستىن، يەنە ئۆي ئىجارىسى ۋە تاماق پۇلىنىمۇ تۆلىمەي كېتىدۇ. خۇددى «توخۇسىنى ئوغرىلىيالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بىر تۇتام داندىن قۇرۇق قالغاندەك» ئىش بولىدۇ.

مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىش نومۇسسىزلىق. ئاچ كۆزلۈك ئۆزىگە زىيانلىق، ئاسانلا نەپ ئېلىشنى خالايدىغان كىشىلەر، ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ زىيان تارتىدۇ.

پەقەت ھەممە كىشى ھەر ۋاقىت مۇشۇ قائىدىنى ئەستە چىڭ ساقلىسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تېخىمۇ گۈزەل بولغان بولاتتى.

كىشىلىك ھاياتتىكى ماددىي بايلىقتىن خۇشاللىق ئىزدەيدىغان بەزى كىشىلەر روھىي جەھەتتىن ھالاك بولۇش خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ؛ بەزى «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەيدىغان پۇلدارلار زەررىچىلىك كۆڭۈل ئازادىلىكىنى سېتىۋالالمايدۇ، چۈنكى بۇ كىشىلەر پۇلنىڭ ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ.



# ساختىلىقنى قوغلىشىش

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ھەرەمدىكى خانىشلار ئۇنىڭغا بۇدرۇق شاھزادىلەرنى تۇغۇپ بېرىپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئامراق خانىشى ئۇنىڭغا مەرۋايىتتەك چىرايلىق بىر مەلىكە تۇغۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ كىچىك مەلىكىگە بەكلا كۆيىدىكەن، ئۇنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىكەن، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ قاتتىق گەپ قىلىشقا چىدىمايدىكەن. مەلىكە تەلەپ قىلغانلىكى نەرسىنى پەقەتلا رەت قىلماي ئېلىپ بېرىدىكەن، ھەتتا ئاسماندىكى يۇلتۇزنىمۇ ئۈزۈپ ئېلىپ مەلىكىگە كىيىم تىكىپ بېرىشكە رازى ئىكەن.

مەلىكە پادىشاھنىڭ پاناھلىقى ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشى ئارقىسىدا، ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ 13 — 14 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ، بارا- بارا ئۆزىنى پەردازلاشنىمۇ ئۆگىنىپتۇ. بىر كۈنى باھار يامغۇرى تۇنجى تامچىلىغان چۈش مەزگىلى، مەلىكە كېنىزىكىنى ئېلىپ ئوردىدىكى گۈللۈكنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بوپتۇ، ئۇ دەرەخ شاخلىرىدىكى گۈللەرنىڭ يامغۇر سۈيىدىن كېيىنكى يالتىراقلىقىنى، گۈل بەرگى ئۈستىگە ئېسىلىپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل

قىلغانلىقىنى؛ بۈك - باراقسان دەل- دەرەخلەرنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ياپيېشىل مەنزىرىسىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە يامغۇردىن كېيىنكى مەنزىرىدىن تازا ھوزۇرلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز نېلۇپەر كۆلچىكىدىكى ئاجايىپ مەنزىرە ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. ئەسلىدە كۆلچەك سۈيى ئىسسىق ھاۋانىڭ تەسىرىدە پارغا ئايلانغاندىن كېيىن، دانە- دانە مەرۋايىتتەك سۇ پۈۋەكچىلىرىنى چىقىرىۋاتقان بولۇپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىكەن. مەلىكە بۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قۇرۇق خىيالغا چۆمۈپتۇ:

«ئەگەر بۇ سۇ پۈۋەكچىلىرىدىن گۆلچەمبىرەك ياساپ بېشىمغا تاقىسام، چوقۇم بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىمەن!»

مەلىكە بىر قارارغا كېلىپ، كېنىزىكىنى سۇ پۈۋەكچىلىرىنى سۈزۈپ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ، كېنىزەك قىز سۇ پۈۋەكچىسىگە قولىنى تەگكۈزۈشى ھامان، سۇ پۈۋەكچىسى ئېتىلىپ كېتىپتۇ. يېرىم كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەلىكە كۆلچەك بويىدا ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولۇپتۇ، كېنىزەك قىزمۇ كۆلچەكتە تۇرۇۋېرىپ ئىچى تىتىلداپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئاخىر ئاچچىقىغا پايلىماي ۋارقىرىغىنىچە ئوردىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، پادىشاھنى تارتقۇشلاپ كۆلچەك بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. كۆلچەكتىكى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان سۇ پۈۋەكچىلىرىگە قاراپ:

— خان ئاتا! سىز ئەزەلدىن ماڭا بەك كۆيۈنىسىز، مەن نېمىنى تەلەپ قىلسام سىز مېنىڭ رايىمغا باقاتتىڭىز،

قىزىڭىز كۆلچەكتىكى سۇ پۈۋەكچىسىنى گۈلچەمبىرەك قىلىپ ياساپ ئۆزىنى زىننەتلىمەكچىدى، سىزنىڭچە بولارمۇ؟ــــ دەپتۇ.

ــــ ئەخمەق بالام! سۇ پۈۋەكچىسى گەرچە چىرايلىق بولسىمۇ، ھامىنى ئۇ دېگەن خىيالىي نەرسە تۇرسا، قانداقمۇ گۈلچەمبىرەك ياسىغىلى بولسۇن؟ شاھ ئاتىڭىز سىزگە مەرۋايىت، خىرۇستاللاردىن چەمبىرەك قىلىپ بەرسۇن، چوقۇم سۇ پۈۋەكچىسىدە قىلىنغىنىدىن چىرايلىق بولىدۇ،ــــ دەپتۇ پادىشاھ قىزىغا كۆيۈنگەن ھالدا.

ــــ لازىمى يوق! ماڭا پەقەت سۇ پۈۋەكچىسىدىن قىلىنغان گۈلچەمبىرەك كېرەك، ماڭا مەرۋايىت، خىرۇستال دېگەنلەر كېرەك ئەمەس. ئەگەر سىز ماڭا ئېلىپ بەر-مىسىڭىز، مەن ياشىمايمەن،ــــ دەپتۇ مەلىكە ئۆز مەيلىچە بىشەملىك قىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ.

ئىلاجسىز قالغان پادىشاھ ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسىنى گۈللۈككە چاقىرىپ، تەشۋىشلەنگەن ھالدا كېڭەش قىلىپتۇ:

ــــ ۋەزىرلەر، سىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئەقىل- پاراسەت ئىگىلىرى، ئەگەر ئاراڭلاردىن بىرىڭلار ئۆزگىچە ماھا-رىتىڭلار بىلەن كۆلچەك ئىچىدىكى سۇ پۈۋەكچىلىرىدە مەلىكىگە چىرايلىق گۈلچەمبىرەك توقۇپ بېرەلىسەڭلار، مەن كاتتا ئىنئام بېرىمەن.

ــــ مەلۇم بولغاي ئالىيلىرى! سۇ پۈۋەكچىسى ھەش-پەش دېگۈچە غايىب بولىدۇ، تۇتۇپ قويسىلا ئېتىلىپ كېتىدۇ، قانداقسىگە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ گۈلچەمبىرەك

ياسىغىلى بولسۇن؟ــ دەپتۇ ۋەزىرلەر نېمە قىلارىنى بىلەل-
-مىگەن هالدا بىر- بىرىگە قارىشىپ.

ــ هىم! مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشقىمۇ ئامالىڭلار يوقمۇ، مەن ئادەتتە سىلەرنى بەك چوڭ كۆرەتتىم؟ ئەگەر قىزىمنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنداپ بەرمىسەڭلار، ھەممىڭلار كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر.ــ دەپتۇ ئۇلارنى ئەيىبلەپ تۇرۇپ.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى، غەزەپ قىلمىغايلا، مېنىڭ مەلىكىگە گۈلچەمبىرەك توقۇشقا ئامالىم بار. پەقەت مەن قېرىنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ قالدى، كۆلچەكتىكى سۇ پۈۋەكچىلىرىنى پەرق قىلالمايمەن، قايسى سۇ پۈۋەكچىسى يۇملاقراق، مەلىكە ئۆزى تالLAP ئېلىپ، ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسە، مەن گۈلچەمبىرەك توقۇغان بولسام.ــ دەپتۇ چاچ-ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر ۋەزىر.

مەلىكە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن چوقچىنى ئېلىپ، بەللىرىنى ئېگىپ تۇرۇپ، ئەستايى-دىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك سۇ پۈۋەكچىلىرىنى سۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما، پارقىراپ جۇلالىنىپ تۇرغان سۇ پۈۋەكچىلىرى مەلىكە يەڭگىل تۇتۇپ قويسىلا شۇ هامان ئېتىلىپ كېتىپتۇ. مەلىكە خېلى بىرھازا ھەپىلىشىپ، بىر دانە سۇ پۈۋەكچىسىنىمۇ سۈزۈۋالالماپتۇ. پاراسەتلىك ۋەزىر مېھرىبانلىق بىلەن قاتتىق مەيۈسلەنگەن مەلىكىگە قاراپ:

ــ سۇ پۈۋەكچىسى ئەزەلدىن يوقلا نەرسە، ئۇزاق تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئەگەر كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈمىدنى مۇشۇنداق ساختىلىق، بىردەمدە يوقىلىدىغان

نەرسە ئۈستىگە قويساق، ئاخىردا كېلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز، — دەپتۇ.

【تەسرات】

## كونا كۆز قاراشنى تاشلاڭ

كونىلاردا بارلىق نەرسىلەرگە ئامال بار، ئەگەر ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىز كۆپۈككە ئايلانسا، بۇ سۇدىكى بېلىقتەك ئايان بولىسمۇ، قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك، دەيدىغان گەپ بار. كىشىلىك دۇنيا-دىكى قۇرۇق ئابرۇي، ساختا خۇشامەت، ھوقۇق، ھەۋەس قاتارلىقلار خۇددى سۇ پۈۋەكچىسىگە ئوخشاش رىتىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، قولغا كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان نەرسىلەردۇر. ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىش سىزنى پە-قەت ئازاب گىردابىغا باشلاپ بارىدۇ. رەڭگارەڭ سۇ پۇ-ۋەكچىلىرىنىڭ رەڭدارلىقىدىن يالتىراقلىقىغا مەپتۇن بولۇپ كەتمەستىن بەھرە ئېلىشىڭىز كېرەك، مانا بۇ دانا، بىلىم-لىكلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر.

ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېرىشكىنىم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە خۇشال بولىمەن دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى قوغلىشىدۇ. ئەمما، ماددىي مەئىشەت قانچە كۆپ جۇغلان-سا، بەزىدە كىشىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۆچمەنلىك، تالاش-تارتىش قاتارلىق كۆڭۈل-سىزلىكلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز

كونا كۆز قاراشنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تەكلىپىمىز:

1. توغرا قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇڭ. توغرا قىممەت قارىشى بار ئادەم، جەزمەنكى ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش ئىقتىدارى بار بولغان ئادەم، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق، نېمىگە ئېھتىياجى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم.

2. باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان ئادەم، تەقدىم ئېتىشنىڭ ئېرىشىشتىنمۇ بەكرەك بەخت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

3. توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈڭ. توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بار ئادەم نېمىنىڭ گۈزەللىك، نېمىنىڭ رەزىللىك؛ نېمىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك، نېمىنىڭ پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇ بار كۈچى بىلەن گۈزەللىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى ئىستەيدۇ ھەم ئىمكانقەدەر رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكتىن يىراق تۇرىدۇ.

نەپسى بالا بولمىسىلا، كىشىلىك ھاياتتا بەختلىك ئۆتكىلى بولىدۇ.

# ئۆزىڭىز توغرا دەپ ئويلىغان يولدا مېڭىڭ

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن شەھەرگە كىرىپ بازار ئارىلىماقچى بوپتۇ.

ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىكەن. دادىسى ئېشەككە مىنىپ، بالىسى ئېشەكنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ.

يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر بۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ:

— بۇنداق دادىنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز، ئۆزى ئېشەككە مىنىپتۇ، لېكىن ئوغلىنى پىيادە قويۇپتۇ، — دېيىشىپتۇ.

دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ، بالىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئېشەكنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ.

ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر:

— بۇ ئوغۇل ھەقىقەتەن ۋاپاسىزكەن، دادىسىنىڭ يېشىمۇ چوڭىيىپ قاپتۇ، لېكىن بۇ ئوغۇل دادىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ماڭماي، ئۆزى بەخىرامان ھالدا ئېشەكنى مىنىپ، دادىسىنى پىيادە قويغىنى نېمىسى، — دېيىشىپتۇ.

ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خىجىل بوپتۇ ـ دە، دادىسىنىمۇ مىندۈرۈپ، ئاتا ـ بالا

ئىككىسى ئېشەككە مىنگەن هالدا داۋاملىق يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئانچە ئۇزۇن ماڭماستىنلا، بىر قېرى ئايال ئاتا- بالا ئىككىسىنىڭ بىر ئېشەككە مىنىۋالغىنىنى كۆرۈپ:

— بۇ ئاتا- بالا ئىككىسى بەكمۇ رەھىمسىزكەن، بىر ئورۇق ئېشەك قانداقمۇ بۇ ئىككى كىشىنى كۆتۈرۈپ ماڭالىسۇن؟ بىچارە ئېشەك!— دەپتۇ.

ئاتا- بالا ئىككىسى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئېشەكتىن چۈشۈپ ھېچكىم ئېشەكنى مىنمەي، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ، ئېشەكمۇ ئارام تېپىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە قەدەم ماڭماستىنلا، ئۇلار يەنە بىر بوۋايغا يولۇقۇپتۇ، بوۋاي بۇ ئىككىسىنى كۆرستىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئاتا- بالا ئىككىسى بەك ئەخمەقكەن، ئېشەكنى مىنمەي قويۇپ بىرىپ، پىيادە ماڭغىنى نېمىسى،— دەپتۇ.

ئاتا- بالا ئىككىسى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ئىزىدا تۇرۇپلا قاپتۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىگە ۋە بۇ ئېشەككە قانداق مۇئامىلە قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيلا قاپتۇ.

【تەسرات】

## ئۆزىڭىزگە ئىگە بولۇڭ

رېئال تۇرمۇشتا، ھېكايىدىكى ئېشەكنى زادى مىنىش كېرەكمۇ ياكى مىنمەسلىك كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە

توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئاتا ـ بالىلاردەك كىشىلەر كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. كىشىنىڭ مۇستەقىل قارىشى بولمىسا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

مۇنداق بىر مەسەل ئېسىڭىزدە بولسۇن:

بىر تۆلكە چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ، قۇدۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنىڭ ئامالىنى ئويلاپ تاپالمىغاچقا، جىنايەتچىگە ئوخشاش قۇدۇق ئاستىغا سولىنىپ قاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىر ئۆچكە ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي، قۇدۇق قېشىغا كەپتۇ. ئۇ قۇدۇقتىكى تۆلكىنى كۆرگەندىن كېيىن، تۆلكىدىن قۇدۇق سۈيىنىڭ تەمىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ. تۆلكە بايىقى ئازابلىق ھالىتىنى يوشۇرۇپ خۇشال ـ خۇرام قىياپەتتە، قۇدۇق سۈيىنىڭ ئىنتايىن ياخشىلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپتۇ ھەمدە ئۆچكىنى قۇدۇققا چۈشۈپ تېتىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىپتۇ. ئۆچكە بولسا ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشنىلا ئويلاپ، ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قۇدۇققا سەكرەپتۇ.

ئۆچكە ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۆلكە ئۇنىڭغا ھازىر ئۇلار ئۇرتاق دۇچ كەلگەن قىيىن ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ ھەمدە بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ. تۆلكە:

ــ سەن ئالدى پۇتۇڭنى قۇدۇقنىڭ تېمىغا قويغىن، بېشىڭنى ئېگىپ تۇرغىن. مەن سېنىڭ دۈمبەڭگە دەس-سەپ، بۇ قۇدۇقتىن چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن

سىنىڭ بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشۇڭغا ياردەم بېرىمەن،— دەپتۇ. ئۆچكە تۈلكىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. تۈلكە تېزلىكتە ئۆچكىنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ، ئۆچكىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى تۇتۇپ، سالماقلىق بىلەن قۇدۇق ئاغزىغا يامىشىپ چىقىپتۇ ۋە بەدەر قېچىپتۇ. ئۆچكە تۈلكىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغىنىنى كۆرۈپ قاتتىق تىللاپ كېتىپتۇ، تۈلكە كەينىگە قايرىلىپ،— ۋۇ ئەخمەق! ئەگەر سىنىڭ ئەقلىڭ ساقىلىڭدەك كۆپ بولىدىغان بولسا، سەن چىقىش يولۇڭنى ئويلىماستىن بۇرۇن، قۇدۇق ئىچىگە سەكرەپ چۈشمىگەن بولاتتىڭ ھەمدە ئۆزۈڭنى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان قىيىنچىلىق ئىچىگىمۇ تاشلاپ قويمايتتىڭ،— دەپتۇ.

توغرا، ئۆزىڭىز مۇستەقىل پىكىر قىلماي، ھەممە ئىشنى باشقىلارنىڭ پىكرى بويىچە بېجىرسىڭىز، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت تارتقۇلۇقنى ئۆزىڭىز تارتىپ قالىسىز. ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلسىڭىز، بەزىلەر خۇشال بولۇشى مۇمكىن، لېكىن خۇشال بولىدىغىنى سىز ئەمەس. قىلچە مۇستەقىل پىكرى يوق كىشى پەقەت باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىشتەك تەقدىرگە دۇچ كېلىدۇ، باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان ئادەم ئوخشاشلا مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت يامان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

# ساختا غوجىدار

بىر كۈنى چۈشتە، ئېدموند ئەپەندى ئەمدىلا مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشىگە، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيدىن چىقىۋاتقان يەڭگىل بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ، بۇ خىل ئاۋاز ئۇنىڭغا ئىنتايىن تونۇش بولۇپ، ھاماتىنىڭ ئىسكىرىپكىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

«ئوغرى بار ئىكەن!» ئېدموند ئەپەندى تېزلىكتە بىناغا چىقىپتۇ، دېگەندەك 13 ياشلاردىكى بىر ناتونۇش بالا ئۇ يەردە ئىسكىرىپكا بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، جاۋغاي سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، ئۆزىگە ماس كەلمىگەن پەلتوسىنىڭ ئىچىگە بىرنېمە تىقىۋالغاندەك قىلاتتى. ئېنىقكى، ئۇ بىر ئوغرى ئىدى. ئېدموند ئەپەندى قاۋۇل بەدىنى ئارقىلىق ئىشىكنى توسۇۋاپتۇ.

ئېدموند ئەپەندى بۇ بالىنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇش، يۈرەكسىزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئالامەت ئۇنىڭغا تونۇشتەك تۇيۇلۇپتۇ ھەمدە قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسلىگەندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەزەپلىك چىراي ئىپادىسىنىڭ ئورنىنى دەرھال كۈلۈم-سىرەش ئاپتۇ، ئۇ:

— سىز دانىيېل ئەپەندىنىڭ جىيەنى جون بولامسىز

مەن ئۇنىڭ غوجىدارى. ئىككى كۈن بۇرۇن دانىيېل ئەپەندى سىزنى كېلىدۇ دېگەنىدى، بۇنداق تېز كېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ بالا ئاۋۋال بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ، لېكىن تېزلىكتە:

— تاغام سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدى؟ مەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەي، سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئېدموند ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە ئىسكىرىپكىنى قويۇپ قوياي دەپ تۇرغان بالىغا قاراپ:

— سىزمۇ ئىسكىرىپكا چېلىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، لېكىن ئانچە ياخشى چالالمايمەن، — دەپتۇ ئۇ بالا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ مەشىق قىلمايسىز، مېنىڭچە دانىيېل ئەپەندى سىزنىڭ ئىسكىرىپ-كىڭىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بولىدۇ، — دەپتۇ سىپايىلىك بىلەن ئېدموند ئەپەندى.

بالا شۈبھىلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسكىرىپكىنى قولىغا ئاپتۇ.

مېھمانخانىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئۇ بالا ئېدموند ئەپەندىنىڭ گود تىياتىرخانىسىدا ئويۇن قويغان ۋاقتىتىكى چوڭ رەسىمىنىڭ تامغا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، بەدىنىگە شۇ ھامان تىترەك ئولىشىپ، بېشىنىمۇ كۆ-

تۇرمەستىن يۈگۈرگىنىچە يىراقلاپ كېتىپتۇ.

ئېدموند ئەپەندى ئۇ بالىنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چوقۇم چۈشەنگەنلىكىگە ئىشەنچ قىپتۇ، چۈنكى ھېچقانداق بىر خوجايىن غوجىدارنىڭ رەسمى بىلەن مېھمانخانىسىنى بېزىمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇ كۈنى قاش قارايغان ۋاقىتتا، ئېدموند خانىم ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بىر خىل نورمالسىزلىقنى ھېس قىلىپ، تاقەت قىلالماي:

— قەدىرلىكىم، سىزنىڭ ئامراق ئىسكىرىپكىڭىز بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ھە، ياق، مەن ئۇنى بىرسىگە سوۋغا قىلدىم،— دەپتۇ ئېدموند ئەپەندى بوش ئاۋازدا.

— سوۋغا قىلىۋەتتىم؟ بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن! سىز ئۇنى ھاياتىڭىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايتتىڭىزغۇ،— دەپتۇ ئېدموند خانىم ئىشەنمىگەندەك.

— سۆيۈملۈكۈم، ئېيتقىنىڭىزغۇ توغرا. لېكىن، ئۇ ئازغان بىر روھنى قۇتۇلدۇرالىسا، مەن مۇشۇنداق قىلىشقا رازى،— دەپتۇ. ئايالىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى يەنىلا چۈشەنمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ جەريانىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن،— سىزنىڭچە بۇنداق قىلغىنىم توغرا بوپتىمۇ؟— دەپتۇ.

— سىزنىڭ قىلغىنىڭىز توغرا، سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىزنىڭ ئۇ بالىغا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن،— دەپتۇ ئايالى.

ئۈچ يىلدىن كېيىن بىر قېتىملىق مۇزىكا مۇسا-بىقىسىدە، ئېدموند ئەپەندى تەكلىپكە بىنائەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنىڭ باھالىغۇچىسى بوپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا رېت ئىسىملىك بىر ئىسكىرىپكا ماھىرى مول ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشىپتۇ. باھالايدىغان ۋاقىتتا، ئېدموند ئەپەندى رېتنى ئىلگىرى بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىپتۇ، لېكىن قەيەردە ئۇچراتقانلىقىنى ئەسلىيەلمەپتۇ.

مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رېت بىر ئىسكىرىپكا قېپىنى كۆتۈرگىنىچە ئېدموند ئەپەن-دىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ، ئۇ يۈزلىرى قىزار-غىنىدىن:

— ئېدموند ئەپەندى، سىز مېنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. ئېدموند ئەپەندى بېشىنى چايقاپتۇ،— سىز بۇرۇن ماڭا بىر ئىسكىرىپكا سوۋغا قىلغانىدىڭىز، مەن ھازىرغىچە ساقلاپ كەلدىم، ئاخىر مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتىم، ئەينى ۋاقىتتا ھەممە ئادەم دېگۈدەك مېنى ئەخلەت قاتارىدا كۆرەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈل-كېسىل تۈگەشتىم دەپ ئويلىغان، ئەمما سىز نامراتلىق ۋە جاپا- مۇشەققەت ئىچى-دىن ئۆز غۇرۇرۇمنى تېپىۋېلىشىمغا ياردەم بەردىڭىز، قەلبىمدە ئوڭۇشسىز شارائىتنى ئۆزگەرتىشكە قارىتا ئىرادە ئۇچقۇنلىرى قايتىدىن يالقۇنلىدى. بۈگۈن مەن ھېچقانداق خىجالەت ھېس قىلماستىن، بۇ ئىسكىرىپكىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدۇم،— دەپتۇ.

رېت كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئىسكرىپكا قېپىنى ئېچىپتۇ. ئېدموند ئەپەندى ئىسكرىپكا قېپىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھېلىقى ھاماتىنىڭ ئىسكرىپكىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇن رېتنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ، ئۈچ يىل بۇرۇنقى ھېلىقى مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان بولۇپتۇ، ئەسلىدە ئۇ «دانىيېل ئەپەندىنىڭ جىيەنى جون ئىكەن». ئېدموند ئەپەندىنىڭ كۆز چانىقى نەملىشىپتۇ. ئۇ بالا ھەقىقەتەن ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويمىغانىدى.

**【تەسىرات】**

## باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاڭ

باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلىغاندا، باشقىلارغا بولغان زىيانكەشلىكنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ئېدموند ئەپەندى ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقى بىلەن كىچىك ئۆسمۈرنىڭ يۈزىنى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈرۈپ، كىشىلىك ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا تۇرمۇش جەريانىدا ئويلىمىغان ئەھۋاللارغا ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئويلىمىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئادەم چوقۇم

يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا سىز ئۇنىڭغا بىر باھانە- سەۋەب تېپىپ بەرسىڭىز، تېز- لىكتە قارشى تەرەپنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ياخشى بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە ئورنىتالايسىز. غەلىبە قىلىشنى ئىزدەيدىغانلار بۇ خىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، زۇڭلى جۇئېنلەي ئۆمەك باشلاپ لۇدادا تۇرۇشلۇق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىدىن ھال سوراپتۇ. جۇڭگو تەرەپ ئو- يۇشتۇرغان كۆتۈۋېلىش زىياپىتىدە، بىر نەپەر سوۋېت ئار- مىيەسىنىڭ لېيتېنانتى زۇڭلىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلغان ۋاقىتتا، بىر جۈملىنى خاتا تەرجىمە قىلىپ قويۇپتۇ. جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بىر يولداش نەق مەيداندا تۈزىتىش بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋال زۇڭلىغا بەكلا تاسادىپىي بىلىنىپتۇ، شۇنداقلا سورۇندىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قوماندانىنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دەرھال لېيتېنانتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پاگون ۋە ياقا بەلگىسىنى سۆكۈۋەتمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىيا- پەت زالىنىڭ كەيپىياتى تۇيۇقسىز جىددىيلىككە چۆمۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا جۇ زۇڭلى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قارشى تەرەپ ئۈچۈن بىر باھانە- سەۋەب تېپىپ بېرىپتۇ. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن: «ئىككى دۆلەتنىڭ تىلىنى دەل جايىدا ياخشى تەرجىمە قىلىش ئاسان ئەمەس، بەلكىم مەن تولۇق سۆز-

لىيەلمىگەندىمەن» دەپتۇ ۋە خاتا تەرجىمە قىلىنغان ئاشۇ بۆلەكنى قايتا تەكرارلاپ، تەرجىمان ئەستايىدىل ئاڭلاپ توغرا تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەرجىمان بىلەن ئالايىتەن ئۆزى يالغۇز قەدەھ سوقۇشتۇرۇپتۇ. جۇ زۇڭلىنىڭ خەيرخاھلىقى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە ھېلىقى تەرجىماننى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرۈپتۇ. كەچلىك زىياپەت ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئاخىرلىشىپتۇ.

جۇ زۇڭلىنىڭ بۇ خىل كەڭ قورساقلىقى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلارغا «باھانە- سەۋەب» تېپىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىززىتىنى ساقلاش ئېغى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ، غۇرۇرىنى ساقلاپ قالسىڭىز، ئۇنىڭدا سىزگە قارىتا ئالاھىدە يېقىنلىق پەيدا بولىدۇ ھەمدە سىزنىڭ بۇ خىل ئاددىي ئىشىڭىز كېيىنكى ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت بىر كىشىنىڭ جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم دەسمايىسى، شۇنداقلا بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل، ئەمما بۇ باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇشقا موھتاج، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە ھۆر-

مىتىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر بىلەن ماسلىشىپ كېتەلمىسىڭىز، ئۇنداقتا قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيسىز؟ قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلەيسىز؟ قانداقمۇ رىقابەت ۋە ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە يېتەلەيسىز؟

# سىناقتا كىم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟

تەخمىنەن 20 يىل بۇرۇن بىر چېركاۋدا 60 ياشلار چامىسىدىكى ياشانغان بىر مۆتىۋەر ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى ئىنتايىن غەلىتە ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە سېخىيلىقىغا ھېچكىم يېتەلمەيدىكەن.

ئۇ ئاشۇ تەسەللىگە موھتاج دېھقانلار، ياردەمگە موھتاج بىمارلار، ھەتتا تىلەمچىلەرگىمۇ مەردلىك بىلەن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىكەن. بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭ چېركاۋىدىن قۇرۇق قول قايتمىغانىكەن.

ھازىر بۇ ياشانغان مۆتىۋەر بىر كىچىك بالىنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى قىلدۇرماقچى بولۇپتۇ، چۈنكى ئۇ ياشلارنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن مۇشۇ ئورۇنغا ئېرىشىشنى ئارزۇلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ياشانغان مۆتىۋەر يىگىرمە نەچچە پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. لېكىن، مۆتىۋەر تاقەتلىك، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالمايدىغان كىشىنى ئىزدەشنى قارار قىپتۇ.

ھەپتىنىڭ 1-كۈنى ئەتىگەندە، زالغا يەتتە نەپەر ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن، چىرايلىق ياسانغان يى-

ـگىتلەر كىرىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىدە بۇ
خىزمەتكە چوقۇم ئىرىشىمەن دەپ ئويلايدىكەن. يا ـ
شانغان مۆتىۋەرنىڭ مىجەزى غەلىتە بولغاچقا، ئۇ
يىگىتلەرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئېغىز ئۆي
تەييارلاپتۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ يوقىلاڭ ئىشلارغا
ئارىلىشىدىغان، تارتمىغا ياكى تام ئىشكاپىغا ئوغرىلىقچە
مارايدىغانلارنى ئاسانلا بايقىۋالالايدىكەن. ئۇ ھەممە
ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، زالدا
تۇرغان ياشلارنى رەت تەرتىپى بويىچە بۇ ئۆيگە
چاقىرىپتۇ.

چارلىس بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە چاقىرىلىپتۇ،
ياشانغان مۆتىۋەر ئۇنى ئۆي ئىچىدە بىرئاز ساقلاپ
تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى ياندىكى ئۆيگە چىقىپ
كېتىپ كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. چارلىس ئىشىكنىڭ
يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. دەسلەپتە ئۇ ناھايىتى
تىنچ ئولتۇرۇپتۇ، كېيىن تۆت تەرەپكە قارىغىلى تۇرۇپتۇ.
ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ
بارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ
ئوغرىلىقچە كۆزىتىشكە باشلاپتۇ.

ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بىر يوپۇق بار بولۇپ، چار ـ
لىسنىڭ يوپۇقنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى بەكلا بىلگۇ ـ
سى كەپتۇ، ئەمما ئۇ يوپۇقنى ئېچىشقا پېتىنالماپتۇ. ناچار
ئادەت ئادەمگە نىسبەتەن ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا
قىلىدۇ. چارلىس ئىنتايىن قىزىققان يىگىت بولغاچقا،
ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، يوپۇقنى ئېچىپ يوپۇقنىڭ

ئاستىدا زادى نېمە بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپتۇ.

نەتىجىسى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپتۇ، يوپۇقنىڭ ئاستىدا بىر دۆۋە قۇش پەيلىرى بار ئىكەن. ئۇ يوپۇقنى ئېچىشىغا قۇش پەيلىرى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان- بۇيانغا ئۇچۇپ يۇرۇشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ-دە، ئالدىراشلىق ئىچىدە يوپۇقنى يېپىپ قويماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ئۇستەلنىڭ ئۇستىدىكى ئېشىپ قالغان قۇش پەيلىرىنى يەرگە ئۇچۇرۇپ چۇشۇرۇۋېتىپتۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ قۇش پەيلىرىنى بىر تال- بىر تالدىن تېرىشكە باشلاپتۇ. ياشانغان مۆتىۋەر ياندىكى ئۆيدە تۇرغاچقا، ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپتۇ. چارلىس بروئۇننىڭ ئالدىراشلىق ھالىتىنى كۆرۇپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپتۇ. چۇنكى، چارلىس ئەڭ كىچىك ئېزىقتۇرۇشلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەنىكەن.

مۆتىۋەر ئۆينى يەنە قايتىدىن يىغىشتۇرۇپتۇ- دە، ھېنرى ۋېرگىننىسنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ ئۆيدىن ئايرىلىشىغا، ھېنرى ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان بىر تەخسە گىلاسقا مەھلىيا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ گىلاسقا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن، ئۇ بۇنچە كۆپ گىلاستىن بىرەر تال يەپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۇ مۆتىۋەر بايقىيالمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇيان- بۇيانغا قاراپ بېقىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ گىلاسنى ئېلىشقا تەمشىلىشىگە، ئىشىك تۈۋىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىغاندەك بولۇپتۇ، بەختكە يارىشا ئۇ خاتا ئاڭلاپ

قالغانىكەن.

ئۇ يەنە غەيرەتكە كېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يوغان گىلاستىن بىرنى ئېلىپ ئاغزىغا ساپتۇ. پاھ! نېمىدېگەن تەملىك- ھە! ئۇ يەنە بىرنى يېسەم نېمە بولاتتى دەپ ئويلاپ، يەنە بىر گىلاسنى ھاپىلا- شاپىلا ئاغزىغا ساپتۇ. ياشانغان مۆتىۋەر بۇ بىر تەخسە گىلاسنىڭ ئىچىگە مەقسەتلىك ھالدا بىرقانچە تال يالغان گىلاس قويۇپ، يالغان گىلاسنىڭ ئىچىگە لازا سېلىپ قويغانىكەن. چاتاق يېرى، ھېنرى دەل بىر تال يالغان گىلاسنى ئاغزىغا سېلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى ئوت كەتكەندەك ئېچىشىشقا باشلاپتۇ. مۆتىۋەر يۆتەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. بۇ بالا گىلاسنى ئالغانىكەن، ئەلۋەتتە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ. مۆتىۋەر بۇ بالىنى ياقتۇرماپتۇ ھەم ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

ئارقىدىنلا لۇفېس ۋېرسېن كىرىپتۇ. ئۇ 10 مىنۇت تۇرا- تۇرماي، ئۇياق- بۇياققا شىپىرلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ جاھىل، قاراملىق بىلەن ئىش قىلىدىغان مىجەزى بولۇپ، قائىدىلەرنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىنى ئانچە خالىمايدىكەن، ئەگەر بايقىلىپ قالمايدىغان ئىش بولسا ئۇ مۇشۇ ئۆيدىكى ھەممە ئىشكاپ، تارتما ۋە ساندۇقلارنى ئېچىشتىن يانمايدىكەن، ئەلۋەتتە.

ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئۈستەلنىڭ تارتمىسىغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، ئىچىپ قاراپ بېقىش

قارارىغا كەپتۇ. ئۇ تارتمىنىڭ ئۇتقۇچىغا قولىنى تەگكۈزۈشىگىلا، زىل بىر قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئەسلىدە ئۈستەلنىڭ ئاستىغا ئېلېكترونلۇق قوڭغۇراق يوشۇرۇپ قويۇلغانىكەن. مۆتىۋەر قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئۆيگە كىرىپتۇ.

لۇفېس تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ. گەرچە ئۇنىڭ يۈزى خېلى قېلىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ. ياشانغان مۆتىۋەر ئۇنىڭدىن قوڭغۇراقنى تارتىشتىكى مەقسىتىنى سوراپتۇ. لۇفېس كېكەچلەپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولماپتۇ. لوفېس ياشانغان مۆتىۋەرنىڭ نامزاتلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىنىپتۇ.

ئارقىدىن غوجىدار جورجى جونىسنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. جورجى ئېھتىياتچان بولۇپ، ھېچنېمىگە چېقىلماپتۇ، پەقەت تۆت ئەتراپىغا قاراپلا تۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇ بىر تام ئىشكاپىنىڭ ئىشكىنىڭ قۇلۇپلانماي يېپىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىشكاپنىڭ ئىشكىنى ئازراق ئېچىپ قويسا ھېچكىم بايقىيالمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشكىنىڭ ئاستىغا قاراپ، تېگىپ ئاۋاز چىقىپ كېتىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى كۆرمەكچى بوپتۇ، ھېچ نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشكىنى بىر ئىنگلىز سۇڭى ئېچىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىشكىنىڭ ئاستىغا قارىماي، ئۈستىگە قارىسا توغرا بولاتتىكەن، چۈنكى ئىشكىنىڭ

بېشىغا بىر پۆگەت قويۇلغان بولۇپ، ئۇ پۆگەت بىر كىچىك چېلەكنى تۇسۇپ تۇرغانىكەن، كىچىك چېلەكنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن كىچىك قوغۇشۇن شارلار قاچىلانغانىكەن. جورجى قاپ يېرەكلىك بىلەن ئىشكنى يەنە بىر ئىنگلىز سوگى ئىچىپتۇ، ئارقىدىنلا يەنە بىر ئىنگلىز سوگى ئىچىپتۇ، ئاخىرىدا پۆگەت سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، چېلەكتىكى قوغۇشۇن شارلار پەسكە تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. تام ئىشكاپىنىڭ ئاستىغا قەلەي تاختاي قويۇلغان بولۇپ، قوغۇشۇن شارلار قەلەي تاختايغا چۈشۈشى بىلەن يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ جورجىنىڭ قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

مۆتىۋەر تېزلىكتە يېتىپ كەپتۇ. قورققىنىدىن يۈزلىرى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن جورجىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

باشقا باللارنىڭ ھەممىسى ھەيدىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆينىڭ ئىچىدە قانداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. ئەمدى نۆۋەت ئاربوت ياكىنىسقا كەپتۇ.

ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ياپقۇچ يېپىلغان بىر دانە يۇمىلاق قۇتا قويۇلغانىكەن. ئاربوت بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئاجايىپ نەرسە بار دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئولتۇرسا-قوپسا شۇ قۇتىنى ئىچىشنىڭ كويىدا بولۇپتۇ. ئەمما، ئۇ قۇتىنى شۇنداقلا ئېچىشىغا ئىچىدىن بىر دانە يالغان يىلان ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بوينىغا يۆگىشىۋاپتۇ. ئۇ قاتتىق بىرنى چىرقىراپ ئارقىغا چېكىنىپتۇ. ئۇنىڭ

تۇۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ياشانغان مۆتىۋەر كىرىپ كەپتۇ-دە، ئاربوتنىڭ بىر قولىدا ياپقۇچنى، بىر قولىدا قۇتنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، يالغان يىلاننىڭ يەرگە تاشلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

«ئورنىڭدىن تۇر، تېز ئورنۇڭدىن تۇر! چىقىپ كەت، ئۆيدە بىر دانە يىلان بولسىلا يېتىدۇ» دەپتۇ-دە، ئاربوتنىڭ ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالماي ئۇنىمۇ يولغا ساپتۇ.

ئارقىدىنلا ۋىليام شمىس ئۆيگە كىرىپتۇ، ياشانغان مۆتىۋەر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزىقىسىنىپ ئۇيان-بۇيانغا قارىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەممىگە قىزىقىدىغان، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلىشىشقا ئامراق بولۇپلا قالماي يەنە بەك سەممىيەتسىزكەن. ئۇ كىتاب ئىشكاپىنىڭ تارتمىسىنىڭ ئاچقۇچىنىڭ تېخىچە تارتمىنىڭ ئۆزىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېقىن كەپتۇ. ئاچقۇچقا بىر دانە گېنېراتورغا ئۇلانغان توك سىمى باغلانغانىكەن. نەتىجىدە ئۇنى توك سوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى ھوشىغا كېلىپ ماڭغۇدەك بولغان چېغىدا، مۆتىۋەر ئۇنىڭغا: «بۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى تارتمىنى ئىگىسى قولۇپلىسۇن ۋە ئاچسۇن» دەپتۇ-دە، ئۇنىمۇ يولغا ساپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا خارى گېدېن ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا كىرىپتۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۆينىڭ ئىچىدە 20 مىنۇت تۇرۇپتۇ. ئورۇندۇقتا مىدىر-سىدىر قىلماپتۇ. ئۇنىڭمۇ كۆزى بولغىنى بىلەن، لېكىن قەلبى ئىنتايىن دۇرۇس

ئىكەن. يوپۇق، گىلاس، تارتما، تۇتقۇچ، قۇتا، تام ئىشكاپىنىڭ ئىشكى ۋە ئاچقۇچ قاتارلىقلارنىڭ ھېچ-قايسىسى ئۇنى ئۆز ئورنىدىن ئايرىيالماپتۇ. بىرنەم سا-ئەتتىن كېيىن ياشانغان مۆتىۋەر ئۇنى زالدا قېلىپ ئىشلەشكە ئېلىپ قاپتۇ. خارى كېيىن ياشانغان مۆتىۋەر-گە تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ خىز-مىتىنى قىپتۇ. ئۇ ئىنتايىن دۇرۇس بولغاچقا، ياشانغان مۆتىۋەر ئۇنىڭغا نۇرغۇن مىراس قالدۇرۇپتۇ.

【تەسرات】

## ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ياردەمچىسى

ئەڭ ئاخىرىدىكى ئوغۇل بالا خارى گېدېننى يا-شانغان مۆتىۋەر ئېلىپ قالدۇ، سەۋەبى گېدېننىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئالدىنقى بىرقانچە بالىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولغانلىقىدا.

ئۆزىنى كونترول قىلىش — بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا تەڭشەش ۋە كونترول قىلىشتىكى پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەم ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئاقىلانىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھېسسىياتىنى مەقسەتلىك ھالدا كونترول قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى

چەكلەپ، رىئاللىقنى ئىدارە قىلالايدىغان خوجايىنغا ئايلىنالايدۇ.

ئاڭلىق هالدا تەڭشەشنىڭ رولى هەرىكەت قوزغاش ۋە هەرىكەتنى چەكلەشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. ئاتالمىش هەرىكەت قوزغاش كىشىلەرنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان هەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا ئىلهام بېرىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئاتالمىش هەرىكەتنى چەكلەش ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا ماس كەلمەيدىغان ئىش-هەرىكەتنى چەكلەش ۋە توسۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككىسى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى.

بىر كىشى كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەن، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

بىر كىشى زېهنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەلۇم ئالاهىدە ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىنىڭ رولى بىلەن توسۇقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئاشۇ پائالىيەتلەرنى چەكلىيەلەيدۇ.

ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىنىڭ تەڭشىشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ توغرا پائالىيەت مۇددىئاسىنى تاللىۋېلىشىغا، هەرىكەت نىشانى ۋە هەرىكەت پىلانىنى تەڭشەشكە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەم ئاقىلانىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ نەپسىنى كونترول قىلالايدۇ، ئىشنىڭ مۇهىملىق ۋە جىددىيلىك دەرىجىسىگە قاراپ

جەمئىيەتنىڭ تەلىپى ۋە شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا زۆرۈر بولغان ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، نامۇۋاپىق ئارزۇ- ھەۋەسلىرىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلايدۇ.

ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن ئاسانلىقچە يېڭىلمەيدۇ؛ ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەم كۆپىنچە ئۆز زىممىسىدىكى خىزمەتنى ياخشى قىلالايدۇ؛ مەيلى رىقابەتچىسى قانچە كۈچلۈك بولسۇن، چوقۇم ئۇنى يېڭەلەيدۇ.



# ئالدى بىلەن بەدەل تۆلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

بىر كىشى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بوران- چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ نىشانىدىن ئادىشىپ قاپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن دەھشەتلىك ئۇسسۇزلۇق ئازابى ئۇنىڭ ياشاش ئىرادىسىنى تارمار قىلغىلى تاسلا قاپتۇ. قۇملۇق خۇددى غايەت زور بىر پېچقا ئوخشاش ئۇنىڭ قانلىرىنى پارغا ئايلاندۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۈمىد- سىزلىنىپ تۇرغاندا، تاشلاندۇق بىر ئۆينى تاسادىپىي بايقاپ قاپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ھېرىپ ماجالى قالمىغان بەدىنىنى سۆرەپ، قۇرۇق شاخ- شۇمبىلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئۆيگە ئۆمىلەپ كەپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئۇزمەي قارىغانىكەن، قۇرۇپ قالغان ياغاچ دۆۋىسىدە بىر دانە سۇ تارتىش ماشىنىسىنىڭ تۇر- غانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن قۇرۇق ياغاچلارنى بىر يانغا ئېلىۋېتىپ، سۇ تارتماقچى بولۇپتۇ. ئەمما، خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، بىر تامچىمۇ سۇ چىقىرالماپتۇ.

ئۈمىدسىزلىك ئۇنى يەنە بىر قېتىم بوشاشتۇرۇ- ۋېتىپتۇ. شۇئان سۇ تارتىش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا بىر كىچىك بوتۇلكىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، بوتۇلكا ئاغزىنىڭ پۇكەت بىلەن ئېتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بوتۇلكىغا بىر پارچە سارغىيىپ كەتكەن قەغەز چاپلانغان

بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە: «سىز سۇنى سۇ تارتىش ماشىنىسىغا تۆككەندىن كېيىن، ئاندىن سۇ تارتىپ چىقىرالايسىز! ھەرگىز ئۇنتۇماڭ، سىز ئايرىلىشتىن بۇرۇن، چوقۇم بوتۇلكىدا ئىچىگە لىق سۇ توشتۇرۇپ قويۇڭ!» دەپ يېزىلغانىكەن.

ئۇ بوتۇلكا ئاغزىنى ئېچىپ، لىق توشتۇرۇلغان جان قۇتقۇزغۇچى سۇغا قاراپ، ئاللىقاچان قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن قەلبىدە دەرھال بىر مەيدان ھايات- ماماتلىق جەڭ باشلىنىپتۇ: «مەن پەقەت بوتۇلكا ئىچىدىكى سۇنى ئىچىپ بولسام، گەرچە ھايات يېتى قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىشىم تەس بولسىمۇ. لېكىن بۇ ئۆيدىن ھايات يېتى چىقىپ كېتىشىمدە گەپ يوق! ئەگەر بوتۇلكا ئىچىدىكى بىردىنبىر ھاياتنى قۇتقۇزۇۋالغۇچى سۇنى سۇ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە قۇيسام، بەلكىم تېخىمۇ كۆپ سۇغا ئېرىشەلەرمەن، مۇبادا سۇ چىقماي قالسا، مەن بەلكىم بۇ كىچىككىنە ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن......»

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر بوتۇلكا سۇنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى كونىلىقىدىن ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن سۇ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە قۇيۇپتۇ، ئارقىدىنلا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سۇ تارتىشقا باشلاپتۇ...... ھەقىقەتەن سۇ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن بىرھازا سۇ ئىچكەندىن كېيىن، ئاندىن بوتۇلكىغا سۇ توشتۇرۇپ قويۇپ، ئاغزىنى پۇكەت بىلەن ئېتىپ، ھېلىقى سارغىيىپ كەتكەن قەغەزنىڭ كەينىگە: «ماڭا ئىشىنىڭ، ھەقىقەتەن ئۈنۈمى بولىدۇ» دەپ

يېزىپ قويۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئاخىر قوملۇقنى كېزىپ چىقىپ، بوستانلىققا يېتىپ كەپتۇ. ھەر قېتىم بۇ ھايات- ماماتلىق سەپىرىنى ئويلىغاندا، ئۇ ھەمىشە كېيىنكىلەرگە: «بىرنەرسىگە ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز، ئالدى بىلەن بەدەل تۆلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ» دەپ ئەسكەرتىدىغان بولۇپتۇ.

【تەسىرات】

## تەقدىم ئېتىشنىڭ ئۆزى بەھرىلىنىش

كىشىلىك ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت ۋە باياشاتلىققا تۇتاشقان يوللاردا، بىز ھەمىشە بىرگە يۆلەك بولىدىغان پۇرسەتلەرگە دۇچ كېلىمىز، لېكىن چىڭ تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالىمىز. خۇددى يۇقىرىقى ھېكايىدىكى «ئۇ»غا ئوخشاش، ئەگەر بوتۇلكىدىكى سۇنى ئىچىپ بولغان بولسا، ئۇ سۇ تارتىش ماشىنىسىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇنى مەڭگۈ كۆرەلمىگەن بولاتتى. سارغىيىپ كەتكەن قەغەزگە يېزىلغانلىرىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنـ-لىكىگە بەلكىم ئۆلگۈچە ھۆكۈم قىلالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ھاياتلىقنى ياساپ قويغىلى بولمايدۇ. بىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلىك ھاياتنىڭ يەنە بىر تە-رىپىنى كۆرۈشكە ئامالسىز. شۇڭلاشقا، ئەسلى مۇنداق بولۇشى كېرەكتى، دېيىشنىڭ ئۆزى خاتا تۇيغۇدۇر.

بۇ قانۇنىيەت بەلكىم ئاڭلىماققا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك بىلىنىسمۇ، ئەمما ھەقىقەتەن «تەقدىم ئېتىش» ھەربىر ئادەم قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. ئالىيجاناب پەزىلەت بىلەن كىشىلىك ھاياتتىكى ئەقىل-پاراسەتنى تەڭ بەرق ئۇردۇرۇڭ، «ئالدى بىلەن تەقدىم ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ»، مۇۋەپپەقىيەت مانا شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ!

بىز پۇخادىن چىققۇچە ھۇزۇرلىنالايدىغان خۇشال-لىق — تەقدىم ئەتكەن ۋاقىتتىكى خۇشاللىقتۇر.



# بىر جۈپ كونا ئاياغ

مايمۇن ئاسەن بۈگۈن بىر كۈن پالاقلاپ، كىچىك ئۆيىنىڭ ئىچى-سىرتىنىڭ ھېچ يېرىنى قويماي بىرقۇر تازىلاپتىكەن، لىقمۇلىق ئىككى سېۋەت ئەخلەت چىقىپتۇ.

ئاسەن توساتتىن تامنىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر جۈپ كونا ئاياغنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئەخلەتلەرنى كۆتۈرۈپ، يۈگۈرگەن پېتى ئورمانلىقتىكى چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئەخلەتنى ئەخلەت تۆكۈش ئورنىغا تۆكۈپتۇ.

ئاسەن كەچتە پەقەتلا ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇ تام تۈۋىدىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپتۇ، يەنە كىمدۇر بىرىنىڭ گۇڭگۇلداپ قىلغان گېپىنى ئاڭلاپتۇ.

ئاسەن ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تام تۈۋىگە كەپتۇ، تام تۈۋىدە ئىككى چاشقاننىڭ چىرىلدىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئاسەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، چاشقانلاردىن:

— سىلەر نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بىر چاشقان ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز يوق بوپتۇ. — دەپتۇ. يەنە بىر چاشقان:

— بىز ھېلىقى كونا ئاياغ ئىچىدە تۇراتتۇق، — دەپتۇ.

ئاسەن بېشىنى قامالالاپ تۇرۇپ، ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا:

— كەچۈرۈڭلار، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنى تاشلىۋېتىپتىمەن،— دەپتۇ.

ئىككى چاشقان شۇ ھامان يىغلاپ تاشلاپتۇ.

— يىغلىماڭلار، مەن سىلەرگە يېڭى ئۆي سېلىپ بېرەي، — دەپتۇ ئاسەن، ئارقىدىنلا ئۇ ئاياغ ئىشكاپىدىن قىزىل بىر جۈپ يېڭى ئاياغنى ئېلىپ چاشقانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئىككى چاشقان تەڭلا باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بىزگە يېڭى ئۆي لازىم ئەمەس، بىز كونا ئاياغ ئىچىدە تۇرۇشقا ئامراق،— دەپتۇ.

— لېكىن...... — دەپتۇ ئاسەن بېشىنى قامالالاپ تۇرۇپ،— لېكىن، مەن ئۇ كونا ئاياغلارنى تاشلىۋېتىپتىمەن،— دەپتۇ.

— ياق، بىزگە ھېلىقى كونا ئاياغ كېرەك،— دەپ يەنە يىغلىشىپتۇ چاشقانلار.

ئاسەن چاشقانلارنىڭ قاتتىق يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز چاپىنىنى كىيىپ، قول چىرىغىنى يورۇتۇپ ھېلىقى كونا ئاياغنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا مېڭىپتۇ.

سىرتتا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بولۇپ، ئاسەن قايتىپ كېلىپ كۆنلۈك ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەخلەت تۆكۈش مەيدانىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئاسەن ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ ئورمانلىقتىكى

چىغىر يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئىككى قېتىم تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىپ، كۆڭلۈكىمۇ سۇنۇپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى لايغا مىلىنىپ، ھاسىرىغان ھالدا ئەخلەت تۆكۈش ئورنىغا يېتىپ كەلگىنىدە، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەتلەر ئاللىبۇرۇن يۆتكەپ كېتىلگەنىكەن.

«دۇدۇت!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ لىق ئەخلەت قاچىلانغان بىر ماشىنا ئاسەننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— توختاپ تۇرۇڭ! — ئاسەن جېنىنىڭ بارىچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئاسەن قوغلا- قوغلا ئاخىر ماشىنىغا يېتىشىۋاپتۇ.

قارا ماشىنا ھەيدىگەن كىشى ئاسەنگە قاراپ:

— ئاسەن، نېمانداق جىددىيلىشىپ كەتتىڭ، بىرەر قىممەتلىك نەرسەڭنى يىتتۈرۈپ قويدۇڭمۇيا؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاسەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە ئىدى، — دەپتۇ-دە، ماشىنىغا سەكرەپ چىقىپلا، ئەخلەتلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۇيان ئاختۇرۇپ، بۇيان ئاختۇ- رۇپ، ئاخىر كونا ئاياغنىڭ بىر پېيىنى تېپىپتۇ. ئۇ يەنە ئىزدەپتۇ، خېلى ئۇزاق ئىزدىگەندىن كېيىن ئاياغنىڭ يەنە بىر پېيىنىمۇ تېپىپتۇ.

ئاسەن شوپۇرغا قايتا-قايتا سالام بېرىپ:

— رەھمەت سىزگە! — دەپتۇ-دە، ھېلىقى بىر جۈپ كونا ئاياغنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيىگە قاراپ

يۈگۈرۈپتۇ.
مايمۇن ئاسەن ئۆيگە ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەپتۇ، ئۇ مەينەت بولۇپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ ئاياغنى پاكىز يۇيۇپ، تام ئۇچىقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قۇرۇتۇپتۇ، ئاندىن بۇ كونا ئاياغلارنى تام تۈۋىگە ئاستىغىنە قويۇپ قويۇپتۇ.
چاشقانلار قايتىدىن ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپتۇ.
بۇ كېچە ئاسەن ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپتۇ.

**【تەسىرات】**

## خاتالىقنى تۈزىتىش ئەڭ چوڭ ئاقىلانىلىك

ئاسەن چاشقانلارنىڭ «ئۆي»نى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، چاشقانلارغا قايتىدىن يېڭى ئۆي تېپىپ بەر-مەكچى بولىدۇ. لېكىن، چاشقانلارنىڭ كونا ئۆيىگە مېھرى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. ئۇ يامغۇرغا قارىماي ئەخلەت تۆكۈش مەيدانىغا بېرىپ چاشقانلارنىڭ «ئۆيى»نى ئىزدەيدۇ. ئۇ يولدا كېتىپ بېرىپ ئىككى قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپ، كۆڭلۈكىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەخلەت تۆكۈش ئورنىغا بارىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئەخلەت ماشىنىسى كېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ماشىنىنى خېلىغىچە قوغلىغاندىن كېيىن، چاشقانلارنىڭ ئۆيىنى تاپىدۇ. لېكىن، ئۇ قىلچىمۇ زارلانماستىن، ئاخىر «ئۆي»نى

قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كېيىن ئۇنى پاكىز يۇيۇپ، تامنىڭ بۇلۇڭىغا ئاستا قويۇپ قويىدۇ.

مايمۇن ئاسەننىڭ مۇنداق قىلىشى ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، تۈزەتكەنلىكى. خاتا ئىش قىلغان ۋاقتىمىزدا، جازاغا تارتىلىشتىن قورقۇپ يالغان سۆزلىمەسلىكىمىز، جۈرئەتلىك ھالدا خاتالىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. خاتالىقنى تونۇپ، تۈزەتكەنلەر ياخشى باللاردۇر، خاتالىقنى تۈزەتمىگەندە كەلگۈسىدە پۇشايمان قىلىپمۇ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ.



## بىر جۈپ جىمىغۇر ئەر-خوتۇن

ئىلگىرى بىر يىگىت ئۆتكەن بولۇپ. ئۇ پۈتۈن بازاردىكى ئەڭ ئەخمەق يىگىت ئىكەن، يەنە بىر قىز بار بولۇپ ئۇ پۈتۈن بازاردىكى ئەڭ ھاڭۋاقتى قىز ئىكەن. ئەلۋەتتە، نېمە ئۈچۈنكىن ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ توي قىپتۇ. توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار يېڭى ئۆيىدە پۈتۈن بىر كۈن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئاخىرىدا ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى بىر-بىرلەپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. ئىككىيلەن ناھايىتى چارچاپ كەتكەچكە، كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئالماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېرى ئەڭ ئاخىرقى بىر مېھماننى ئۇزاتقاندا ئىشىكنى تاقىمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— قەدىرلىكىم، ئىشىكنى تاقىۋەتسىڭىز بوپتىكەن؟ — دەپتۇ.

— نېمىشقا مەن بېرىپ تاقىغۇدەكمەن، — دەپتۇ ئايالى بىر چۈشكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، — مەن پۈتۈن بىر كۈن ئۆرە تۇرۇپ، ئەمدىلا ئولتۇردۇم، ئۆزىڭىز تاقاڭ، — دەپتۇ.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز! — دەپتۇ ئېرى ئاچچىقلاپ. ئايالى:

— توي قىلىپ تېخى بىر كۈن بولمايلا، ماڭا ئاچ-

-چىقلىغىلى تۇردىڭىزغۇ، سىزنىڭ مۇنداق ئادەم ئىكەنلى-
-كىڭىزنى بالدۇرراق بىلگەن بولسامچۇ!— دەپ ۋارقىراپتۇ.
— نېمىدېگەن جىق گەپ بۇ، مەن مەڭگۈ سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلىشىم كېرەكمىدى؟— دەپتۇ ئېرى غۇدۇراپ.
— مەنمۇ سىزنىڭ ئالىجوقا گەپلىرىڭىزنى ئاڭلام-
-تىم،— دەپتۇ ئايالى.
ئۇلار بىر-بىرىدىن ئاغرىنىپ بەش مىنۇتتەك بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپتۇ، تۇساتتىن ئايالى بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ.
— قەدىرلىكىم،— دەپتۇ ئۇ، — ھەر ئىككىمىز ئىشىكنى تاقىۋېتىشنى خالىمىغاندىكىن، مۇنداق قىلايلى، ئىككىمىز تىكىشەيلى، قايسىمىز ئاۋۋال گەپ قىلساق، شۇ بېرىپ ئىشىكنى تاقاپ كەلسۇن،— دەپتۇ.
— بۇ مەن بۇگۈن ئاڭلىغان ئەڭ ئوبدان ئامال بولدى، ئۇنداقتا قېنى باشلايلى، — دەپتۇ ئېرى.
ئۇلار راھەتلەنگەن ھالدا ئورۇندۇقتا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماپتۇ.
ئۇلار مۇشۇ پېتى ساق ئىككى سائەت ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئوغرى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆي خۇددى ئادەم يوقتەكدەك شۇنداق جىمجىت بولۇپ، ئوغرى ئۆيدىكى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار جوزا- ئورۇندۇقلارنى يۆتكەپ، تامدىكى رەسىملەرنى سويۇپ، گىلەملەرنى قاتلاپ ئېلىپ چىقىپ

كېتىپتۇ، لېكىن بۇ بىر جۈپ يېڭى ئەر-خوتۇن بىر ئېغىز گەپ قىلماپتۇ، ھەتتا قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ.

«ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئېرى، «ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسىمۇ، ئايالىم بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويمىدىغۇ».

«ئۇ نېمىشقا ئادەم چاقىرمايدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ئايالىمۇ، «ئۇ مۇشۇ پېتى ئولتۇرۇپ، ئوغرىنىڭ نېمە ئالغۇسى كەلسە شۇنى ئالغىلى قويغىنى نېمىسى»؟

ئاخىر ئىككى ئوغرى ئۇلارنىڭ قىمىرلىماي ئولتۇر-غىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنى ھەيكەل ئوخشايدۇ دەپ ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىدىكى زىبۇزىنىنەت، سائەت، ھەميان قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئەر- ئايال ئىككىيلەن يەنىلا بىر ئېغىز گەپ قىلماپتۇ.

ئوغرى غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ كەتكەندە، ئەر- خوتۇن ئىككىيلەن يەنىلا شۇ پېتى ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن، بىر ساقچى بۇ يول-دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆي ئىشىكىنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەر- خوتۇن ئىككىسىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

— ھەي، ئاڭلاڭ! دەپتۇ ساقچى ۋارقىراپ تۇرۇپ، — مەن ساقچى، ئىككىڭلار نېمە قىلىدىغان ئادەمسىلەر؟ بۇ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارمۇ؟ ئائىلە سايمانلىرىڭلار قېنى؟— دېگەن بولسىمۇ ھېچبىر جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ، ساقچى تازا كېلىشتۈرۈپ ئەرنى بىر شاپىلاق سېپتۇ.

— نېمدەپ ئادەم ئۆرسەن،— ئايالى ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، — ئۇ مېنىڭ ئېرىم، ئۇنى تاك قىلىپ چېكىدىغان بولساڭ، سېنى بوش قويۇۋەتمەيـ ـمەن،— دەپتۇ.

— مەن ئۇتتۇم، ياخشى بولدى، ئەمدى سىز بېرىپ ئىشىكنى تاقاڭ، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئېرى.

**【تەسىرات】**

## مەنىسىز مۇنازىرىدىن ساقلىنىش

تۇرمۇش ئۆزئارا چۈشىنىشكە موھتاج، بىر ـ بىرىگە ئىنتىرگەندە ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولـ ـمايدۇ. ھېكايىدىكى ئەر ـ خوتۇننىڭ قىلمىشى ھەقىقەـ تەن بىر بىمەنىلىك. ئەلۋەتتە، بۇ بىر ھېكايە خالاس، لېكىن بىز بۇنىڭدىن تەجرىبىگە ۋە ساۋاققا ئىگە بولۇـ شىمىز كېرەك.

بىزنىڭ تەسىراتىمىز، كۆپرەك چۈشىنىش، ئۆزئارا يول قويۇشتۇر.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەنىسىز مۇنازىرىنىڭ ھېچقانـ ـداق قىممىتى يوق، پەقەت مۇنازىرىلەشكۈچىنىڭ باش ئاغرىقىنى كۆپەيتىدۇ خالاس.

ئەمەلىيەتتە، پەقەت بىرخىل مۇنازىرىلىشىش شەكلى ئارقىلىقلا مۇنازىرىدە يەڭگىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مۇناـ زىرىدىن ساقلىنىش.

چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ ئۇسۇلى يىراققا نەزەر تاشلاش، ئۇزاق ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ مەسىلىلەرنى ئويلىشىش، كىچىك ئىشنى دەپ چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش.

ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ. شۇڭا قانداقلا گەپ، قانداقلا ئىش بولسۇن، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئادەتتە گەپ - سۆزدە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىدىغان ئادەممۇ ئەقلىنى يوقىتىپ، بالا-قازادىن ساقلىنىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

شۇنداق، ئاچچىقلىنىش ئادەملەرنىڭ نورمال خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى، لېكىن بىر ئادەم ئۆمۈر بويى خۇشال- خۇرام ياشىيالىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! شۇڭا، بىز خۇشاللىق بىلەن تۇرلۇك مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئاچچىقلانسىڭىزمۇ ئەڭ ياخشىسى ئامال بار كۆڭۈلدە بىلىپ، ۋارقىراپ- جار- قىرىماسلىق كېرەك. ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالسىڭىز، چوڭ زىددىيەتلەرنى كىچىكلەتكىلى، كىچىكلىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

كىچىككىنە بىر ئىش بىر ئادەمنىڭ تەربىيەلىنىشىنى ۋە ساپاسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كىچىك ھالقىلاردا ئۆزىنى ياخشى نامايان قىلالىغان ئادەم كېيىنمۇ چوقۇم چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدۇ.

# ئەركىنلىك ئەڭ قىممەتلىك

كېرتون كەنتىدە مارتىنو ئىسىملىك بىر ياش پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر دائىم ئۇچىسىغا ياماق چۈشكەن سوكنو پەلتو، پۇتىغا بىر جۈپ كونا كەش، بېشىغا بىر دانە كونا چىغ قالپاق كىيىپ، مۈرىسىگە بىر دانە ئەسكى رەخت خالتىنى ئارتىۋالىدىكەن. گەرچە مارتىنو ئىنتايىن ئاددىي كىيىنسىمۇ، ئۇ ئىنتايىن قاملاشقان بولۇپ، خۇددى كۆپكۆك ئاسماندىكى قۇياشقا ئوخشايدىكەن. بەزىلەر ئۇنى ھەتتا قۇياشتىنمۇ گۈزەل دېيىشىدىكەن، بۇ ئەلۋەتتە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس-كەن. چۈنكى، قۇياشقا ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇرسا كۆزنى ئاغرىتقان بىلەن، مارتىنوغا كىشىلەر قاراپ- قاراپ تويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مارتىنو پادىچىلار نېيىنى ئىنتايىن مۇڭلۇق چالىدىكەن، ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقاندىكى ئاۋازىمۇ ناھايىتى يېقىملىق ئىكەن.

مارتىنو بەزىدە بۇ كەنتتە ئىش قىلىدىكەن، بەزىدە ئۇ كەنتتە پادا باقىدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ بەك كۆپكەن. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا كۆلۈپ باقىدىكەن، يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشىدىكەن، ياشانغانلارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بەكمۇ كېلىشكەن

قامىتىنى ماختىنىشىدىكەن.

ۋاقىت ئۆزارغانسېرى مارتىنو تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ بىر ئورمانلىققا كېلىپ، چارچاپ كېتىپ، ئورمان ئارىسىدىكى چۆپلۈكتە بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ ۋە يانچۇقىدىن نەينى چىقىرىپ، يېقىملىق بىر مۇزىكىغا چاپتۇ.

نەي ئاۋازى تاكى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە تار-قىلىپ بېرىپتۇ. ئورمان پەرىشتىسى بۇ مۇزىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك خۇشال بولۇپتۇ، ئۇ زادى كىمنىڭ نەينى بۇنداق ياخشى چالىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ چوڭ جۇخارگۈلدىن ئۈچقۇلاق ئوتقا، ئۈچقۇلاق ئوتتىن نازلىگۈلگە، نازلىگۈلدىن چىنىگۈلگە ئۇچۇپ بېرىپتۇ، پەرىشتە خۇددى كېپىنەككە ئوخشاش ئۇچۇپتۇ- ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپ ئورمانلىق ئارىسىدىكى چۆپلۈككە بېرىپتۇ.

— پاھ، سىز نېمىدېگەن بەختلىك! سىز چالغان نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى سىزگە مەھلىيا بولۇپ قالغۇدەك، سىزنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ھەۋەس قىلىدىكەن!— دەپتۇ پەرىشتە.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن بولسام بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم! ئاشۇ مەن بىزار ئادەملەر ماڭا بەس- بەس بىلەن قاراۋەرگەچكە، مەن پەقەت توختىماستىن ئۇ كەنت-تىن بۇ كەنتكە قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، خۇددى ئۆيى يوق سەرگەرداندەك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن. ئەل-

-ۋەتتە، مەنمۇ كىشىلەرنىڭ مېنى كېلىپ كۆرۈپ كېتىشىگە ئەرزىيمەن، ئەگەر مەن بىر ھەيكەل بولۇپ قالغان بولسام قانچە ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا مەن بەكمۇ بەختلىك بولغان بولاتتىم.

ئاق كۆكۈل پەرىشتە مارتىنونىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان-دىن كېيىن، چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ:

— بولىدۇ، مەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن، بۇ مەن ئۈچۈن ئانچە تەس ئىش ئەمەس، — دەپتۇ. پەرىشتە شۇنداق دېگەچ سېھىرلىك كالتىكىنى مارتىنوغا يەڭگىل-گىنە تەگكۈزۈپ قويغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا مارتىنو مۇرادىغا يېتىپتۇ - دە، شۇ ھامان ئىنتايىن چىرايلىق ئالتۇن ھەيكەلگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇ-نىڭ ياماق چۈشكەن چاپىنى، قولىدىكى قىزىل تېرەكتىن ياسالغان نېيىمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ساپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ھەتتا ئۇ ئولتۇرغان چوڭ تاشمۇ پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

پەرىشتە بۇ نۇر چېچىپ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن ھەيكەلگە قاراپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەمما، ئالتۇن ھەيكەل مارتىنو تەنھا، زېرىكىشلىك ھالدا ئورمانلىقتىكى چۆپلۈكنىڭ ئارىسى-دىكى ئاشۇ ئالتۇن تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

مارتىنونىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. داڭقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر يىراق- يېقىندىكى كەنتلەردىن كېلىپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن

قىز- ئوغۇللار چۆپلۈككە توپلىشىپ گۈلخان يېقىپ، گارمون چېلىشىپ، قولنى- قولغا تۇتۇشۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن.

پەقەت مارتىنولا مىدىر- سىدىر قىلماستىن ئاشۇ ئالتۇن تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى بەكمۇ ئارزۇ قىپتۇ، نەينى مۇڭلۇق مۇزىكىلارغا چېلىشنى ئويلاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولى ھەرگىز رايىغا باقماپتۇ. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كەپتۇ، ئەمما ئالتۇن كېكىردىكىدىن ئازراقمۇ ئاۋاز چىقماپتۇ. ئۇ چىرايلىق بىر قىز بىلەن ئۇسسۇل ئوينىماقچى بوپتۇ، ئەمما ئالتۇن پۇتى ئالتۇن تاشتىن ئاجرىماپتۇ. مارتىنو ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ، ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان كۆزلىرىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقماپتۇ.

مۇشۇ تەرىقىدە كۈنلەر كۈنلەرگە ئۇلىنىپ، توپتوغرا ئۈچ يىل ئۆتكەندە، پەرىشتە مارتىنونىڭ ئالتۇن ھەيكى-لىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇ مارتىنوغا قاراپ:

— كېلىشكەن يىگىت، سىز ھازىر بەختلىكمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

ئالتۇن ھەيكەل گەپ قىلماپتۇ.

— ھەي...... ي...... ي!— دەپتۇ پەرىشتە ئۆزىنى ئەيىبلەپ،— مەن سىزنىڭ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، خاپا بولماڭ، مەن ھازىرلا سىزنى بۇرۇنقى ھالىتىڭىزگە ئايلاندۇرۇپ قوياي.

پەرىشتە دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان سېھرلىك

كالتىكىنى ئالتۇن ھەيكەلگە يەڭگىلگىنە تەگكۈزۈپ قويغانىكەن، مارتىنو شۇ ھامان چوڭ تاشنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قىزىل تېرەكتىن ياسالغان نەي ۋە ئەسكى رەخت خالتىسىنى ئېلىپ، كەينىگىمۇ قارىماستىن ئۆچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ.

— توختاڭ! توختاڭ! سىز تېخى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز! — پەرىشتە ئارقىسىدىن تووۋلاپتۇ، ئەمما ئۇ مارتىنونىڭ خۇددى باشقىلار قوغلاۋاتقاندەك بارغانسېرى تېز قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ، بىر تەرەپتىن «مەن ھازىر شۇنى بىلدىمكى، ئەركىنلىك ھەممىدىن قىممەتلىككەن! خەير-خوش! ئاق كۆڭۈل پەرىشتە.......» دەپتۇ.

【تەسرات】

### ئەركىنلىك ھەممىدىن قىممەت

مەسەلدىكى بۇ ياش كېلىشكەن قامىتى، كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك ئاۋازى ھەم نەيىنى مۇڭلۇق چالـ-ـغانلىقىدىن بارا-بارا تەكەببۇرلىشىپ، ئۇ ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلاپ، باشقىلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايدىغان بولىدۇ.

ئورمانلىقتىكى پەرىشتە ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇنى كۆرگىلى كەلگەندە، ئۇ پەرىشتىگە زارلاپ، ئۆزىنىڭ بىر ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالسا بەختلىك بولىدىغانلىقىنى

ئېيتىدۇ. ئاق كۆگۈل پەرىشتە ئۇنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئۇنى بىر ئالتۇن ھەيكەلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. يىگىت ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەر-كىنلىكىنى يوقىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقەتەن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

يىگىتنىڭ كەچۈرمىشى ئەركىنلىكنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، ئىسسىق قېنى تۆكۈلسىمۇ باش تارتماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ تۇرمۇشنى قەدىرلىشىمىز كېرەكلىكى-نى، يوقاتقاندىن كېيىن قەدرىگە يەتتۇق دەپ يۈر-مەسلىكىمىزنى؛ كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭ بەختلىك تۇرمۇش ئىكەنلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.



# ئىپەك يارچىسى قاچىلانغان ساندۇق

بۇرۇن بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئايالى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەچكە، ئۇ ئۆزى يالغۇز تۇرمۇش كەچۈ-رىدىكەن. ئۇ تىككۈچى بولۇپ، بىر ئۆمۈر جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر پۇڭمۇ پۇل يىغالمىغانىكەن. ياشىنىپ قالغاندا ئۆز ھۈنىرىنى قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ، ئىككى قولى توختىماي تىترەپ يىڭنىنىمۇ تۇتالمايدىكەن، كۆزلىرى تورلىشىپ، ھېچنېمىنى تىكەلمەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ھەممىسى ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولغانىكەن. ئۇلار كۈن ئۆتكۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە ھەپتىدە ئاران بىر قېتىم كېلىپلا بوۋاينى يوقلاپ بىر ۋاق ئاددىي غىزا يەپلا كېتىدىكەن.

بوۋاي بارغانسېرى قېرىپ كېتىپتۇ، بالىلىرىمۇ بارغانسېرى ئاز كېلىدىغان بولۇپتۇ. «ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى، مېنى يۈك دەپ قارايدىغان بولدى.» دەپتۇ بوۋاي ئۆز-ئۆزىگە، ئۇ كېچە-كېچىلەپ ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە ئۆ-زىنىڭ كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئەنسى-رەشكە باشلاپتۇ، ئۇ ئاخىر بىر ئامالنى تېپىپ چىقىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ ياغاچچىلىق قىلىدىغان قەدى-

ـناس دوستىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر ساندۇق ياساپ بېرىشنى ھاۋالە قىپتۇ. ئاندىن قۇلۇپساز دوستىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر كونا قۇلۇپ سوراپ ئەكەپتۇ. ئاخىرىدا ئەينەكچى دوستىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پارچە ئەينەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوراپ ئەكەپتۇ.

بوۋاي ساندۇقنى ئېچىپ، ئىچىگە ئەينەك پار-چىلىرىنى لىق قاچىلاپ، قۇلۇپلاپ، تاماق شىرەسىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئوغۇللىرى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كېلىپ كەچلىك تاماق يېگەن ۋاقىتتا، پۇتى ساندۇققا تېگىپ كېتىپتۇ.

ـــ ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟ـــ دەپ سوراپتۇ ئۇلار شىرەنىڭ ئاستىغا قاراپ.

ـــ ھە، ھېچنېمە ئەمەس، پەقەت مېنىڭ ئازراق يىغىپ تۆشەپ قويغان نەرسەم،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى.

ئوغۇللىرى ئۇ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ بېقىپ، خېلىلا ئېغىرلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇلار كۆچەپ بىر تەپكەنىكەن، ساندۇق ئىچىدىن شاراق- شۇرۇق ئاۋاز چىقىپتۇ. «ئىچىدە چوقۇم بۇ قېرى بىر ئۆمۈر يىغقان ئالتۇنلار بار» دەپتۇ ئۇلار غودۇڭشىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇ بايلىققا ئۆزلىرى ئىگە بولۇش قارارىغا كەپتۇ. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى قارار قىپتۇ. بىرىنچى ھەپتىسى ئەڭ كىچىك ئوغلى كۆچۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاماق

ئېتىپ بېرىپتۇ. ئىككىنچى ھەپتىسى ئوتتۇرانچى ئوغلى كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى ھەپتىسى چوڭ ئوغلى كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ھالەتنى خېلى ئۇزاق داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا، بوۋاي كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئوغۇللىرى ناھايىتى كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار تاماق شىرەسىنىڭ ئاستىدىكى بوۋاي يىغىپ قويغان «مال-مۈلۈك»تىن ئازراق ئىشلەتسىلا بۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن.

بوۋاينىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ، ساندۇقنى ئېچىپتۇ. بىراق، ئۇلار ساندۇقنىڭ ئىچىگە لىق ئەينەك پارچىسىنىڭ قاچىلانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش بۇ! — دەپتۇ چوڭ ئوغلى غەزەپتىن ۋارقىراپ، — ئۆزىنىڭ ئوغلىغىمۇ مۇشۇنداق ھىيلىگەرلىك قىلغان بارمۇ.

— ئۇ بۇنداق قىلمىغان بولسا بىز قانداق قىلاتتۇق؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئازابلانغان ھالدا، — بىز ئۆزىمىزگە سەمىمىي بولۇشىمىز كېرەك، ئەگەر مۇشۇ ساندۇق ئۈچۈن بولمىغان بولسا، بەلكىم بىز ئۇ ئۆلگۈچە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلالمىغان بولاتتۇق.

— مەن ئىنتايىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ كىچىك ئوغلى يىغلاپ تۇرۇپ، — بىز دادىمىزنى بىزنى

ئالداشقا مەجبۇرلىدۇق، چۈنكى بىز ئۇنىڭ كىچىكىمىزدە بىزنى قانداق بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قاپتۇق.

ئەمما، چوڭ ئوغلى يەنىلا ساندۇقنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، زادى پۇلغا يارايدىغان نەرسىنىڭ بار- يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ بارلىق ئەينەك پارچىسىنى تۆكۈۋېتىپتۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ئوغۇل ساندۇقنىڭ ئىچىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ساندۇقنىڭ ئاستىغا «ئاتا-ئانىڭىزغا ۋاپادار بولۇڭ» دېگەن بىر قۇر خەت ئويۇلغانىكەن.

**【تەسىرات】**

## ۋاپادارلىق— ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى

ساندۇق ئاستىدىكى «ئاتا-ئانىڭىزغا ۋاپادار بولۇڭ» دېگەن خەت بىزنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

جۇڭگودا قەدىمدىن تارتىپ ۋاپادارلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. كۇڭزى: «ئاتا- ئاناڭنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇر، خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىغا ھەمدەم بول» دەپ ئېيتقان. يەنى پەرزەنتلەر ئاتا- ئانىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ تۇرۇشى كېرەك.

ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەتىۋار

كۆردۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قالدۇرماي ئىگىلەپ تۇردۇ. پەرزەنتلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەڭ ئاۋۋال مۇبارەكلەيدىغىنى ئاتا- ئانىلاردۇر؛ بىز يۈرىكى- -مىزنى تۇتۇپ ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: بىزنىڭ ئاتا- ئانىمىزغا بولغان سېغىنىشىمىز قانچىلىك؟ ئاتا-ئانىمىز- نىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئېسىمىزدە بارمۇ؟ خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر تەمسىل بار: بالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئانىنىڭ جاپا كۈنى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئۆلگۈدەك ئازاب چېكىپ سىزگە ھاياتلىق بەرگەن ئانىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ سىزنى تۇغۇپ قاتارغا قوشقان ئانىڭىزغا بىر قېتىم بەخت تىلەپ باقتىڭىزمۇ؟ بەلكىم بىر ئېغىز بەخت تىلەش سىز ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل بەخت تىلەش ھەرقانداق نەرسىدىن گۈزەل، ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياشقا تولىدۇ!

خۇددى كۇڭزى ئېيتقاندەك: ۋاپادارلىق — ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى. ئاتا-ئانىڭىزغا رەھمەت ئېيتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.



# مەڭگۈ ئارام ئالمايدىغان جىن

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى قاپ يۈرەكلىك بىلەن جىن سېتىۋاتقان ياقا يۇرتلۇق كىشىدىن:

— بۇ جىن نەچچە پۇل؟— دەپ سوراپتۇ. ياقا يۇرتلۇق كىشى:

— 200 سەر ئالتۇن!— دەپتۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ نېمانچە قىممەت! ياقا يۇرتلۇق كىشى:

— مېنىڭ بۇ جىنىم ئىنتايىن ئەتىۋارلىق. ئۇ بىر چېۋەر جىن. پەقەت خوجايىنى تاپىلاپلا قويسا، ھەممىنى قىلا-لايدۇ، بىر كۈندە 100 ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ. سىز ئۇنى سېتىۋالسىڭىز ئۇزاق ئۆتمەيلا 200 سەر ئالتۇنىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، يەنە كاتتا بايغا ئايلىنالايسىز،— دەپتۇ.

يولۇچى سەل گۇمان قىلىپ:

— بۇ جىن بۇنداق ياخشى بولغاندىكىن، نېمىشقا ئۆزىڭىز ئىشلەتمىدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ.

ياقا يۇرتلۇق كىشى:

— سىزدىن يوشۇرمايمەن، بۇ جىننىڭ ھەممە يېرى ياخشى، بىرلا كەمچىلىكى، بىر ئىشنى باشلىسا مەڭگۈ توختىمايدۇ. چۈنكى، جىن ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، ئۇخلاپ

ئارام ئېلىشنى بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، سىز ئەتىدىن-كەچكىچە ئۇنىڭغا ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىڭىز، ئۇنى بىكار قويماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ بىكار قالسىلا ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. مېنىڭ ئۆي ئىش-لىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇ جىننى ئىشلىتىشكە پېتىنال-مىدىم، شۇڭلاشقا ئۇنى تېخىمۇ ئېھتىياجلىق كىشىگە سېتىپ بەرمەكچى بولدۇم،— دەپتۇ.

يولۇچى ئۆزىنىڭ يەر-زېمىنىنىڭ كەڭ، ئۆي ئىش-لىرىنىڭ بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ:

— بۇنى قانداقمۇ كەمچىلىك دېگىلى بولسۇن، ھە-قىقەتەن ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقكەن!— دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ 200 سەر ئالتۇنغا جىننى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكېلىپ جىننىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ.

خوجايىن جىننى يەر تېرىشقا بۇيرۇپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن چوڭ بىر پارچە يەرنى ئىككى كۈندىلا تېرىپ بولۇپتۇ.

خوجايىن جىننى ئۆي سېلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئويلى-مىغان يەردىن ئۆينى ئۈچ كۈندىلا سېلىپ بولۇپتۇ.

خوجايىن جىننى ياغاچچىلىق قىلىشقا، ئۆينى بېزەشكە بۇيرۇپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن يېرىم كۈندىلا ئۆينى بېزەپ بولۇپتۇ.

يەر تۈزلەش، توشۇش، ئەپكەش كۆتۈرۈش، تۈگمەندە ئۇن تارتىش، ئاشپەزلىك، تىككۈچىلىك، مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن، جىن ھەممىنى قىلا-

لايدىكەن ھەم شۇنداق تېز قىلىدىكەن.

قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە، جىننىڭ خوجايىنى كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ.

ئەمما، خوجايىنمۇ جىنغا ئوخشاش ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ، جىن توختىماي ئىشلەپتۇ، خوجايىن توختىماي قىلدۇرىدىغان ئىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم پۈتۈن زېھنى بىلەن بىر بۇيرۇقنى، يەنى قىيىن بىر ئىشنى ئويلاپ چىققاندا مەسلەن، ياڭاقنىڭ پوستىدىن 10 دانە كىچىك كېمە ياساش ياكى پىل چىشى شاردىن پايدىلىنىپ يەنە توققۇز پىل چىشى ياساپ چىقىش دېگەندەك ئىشلارنى ئويلاپ چىقىپ، جىن ئەمدى خېلى ئۇزاققىچە بۇ ئىشنى قىلىپ تۈگىتىدۇ دەپ خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن.

ئويلىمىغان يەردىن، مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، جىن ھەمىشە ئەڭ تېز ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈزۈپ بولىدىكەن.

بىر كۈنى خوجايىن پەقەت چىدىيالماپتۇ، ھېرىپ بېتىپ قاپتۇ، جىنغا نېمە ئىش قىلىشنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

جىن خوجايىننىڭ ئۆيىنى چېقىپتۇ، يەرنى تۈپتۈز قىلىۋېتىپتۇ، كالا- قوي قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە، بىردىن- بىردىن ئېتىزلىققا تېرىپ قويۇپتۇ. قىممەت باھالىق كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى تىتما-تىتما قىلىۋېتىپتۇ. ئاندىن خوجايىننىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپتۇ......

جىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا، خوجايىن چۈشىدىن ئويغىنىپتۇ-دە، ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. مەڭگۇ توختىماي خىزمەت قىلىش، ئەسلى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك ئىكەن.

【تەسرات】

## خىزمەت قىلىشنىمۇ، ئارام ئېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك

توختىماي خىزمەت قىلىشنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر خىل ئالامىتى دەپ قارىماڭ. ئەمەلىيەتتە، خىزمەت قىلىش بىلەن ئارام ئېلىشنى مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىش ھەممىگە پايدىلىق. ھېكايىدىكى خوجايىندەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ساقلىناي دېسىڭىز، چوقۇم ئارام ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

ئەقىللىق ئادەملەر زور مىقداردا جىسمانىي كۈچ ۋە زېھنىي كۈچ تۆپلاپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ كاپىتالىغا ئېرىشىدۇ. ئۆزىنى ئارام ئېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان توخۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك.

نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتنى تېخىمۇ ئىناقلىققا ۋە ئۇنۇمگە تولدۇرىدىغان بارلىق لەززەت ۋە ئويۇن- تاماشىلاردىن ۋاز كەچكەچكە، ئۆز ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى سەزمەيلا قالىدۇ، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت

قازىنىش ئېھتىماللىقىنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ.

ناۋادا بىر كىشىنىڭ بىر كۆلچەكچىلىك ھاياتىي كۈچى بولسا، ئەمما ئۇ بۇ كۆلچەكنىڭ خالىغان يېرىدىن تۆشۈك تېشىپ، كۆلچەكتىكى ھاياتىي كۈچنى ئېقتىپ تۈگەتسە، بۇ كىشىگە قارىتا سىز قانداق تەسىراتتا بولىسىز؟ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. بىزنىڭ بىر كۆلچەك ھاياتىي كۈچىمىز بار، ئەمما بىزنىڭ بىخەستەلىكىمىز، ئېھتىيات قىلماسلىقىمىز ۋە ئەقىلسىزلىكىمىز تۈپەيلى، كۆپ قىسىم ھاياتىي كۈچىمىز ئۆزىمىز كولىغان تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

بەزىلەر ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئېھتىماللىقى ئازىيىپ كېتىدۇ، بەلكى تېخى نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزىدىن بۇنچە يىراقتا ئىكەنلىكىدىن تەئەججۈپلىنىپ يۈرىدۇ.

ئۇيقۇ ھەقىقەتەن بىر خىل شىپالىق دورا! ئۇ كىشىنىڭ جىسمانىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كىشىنىڭ روھىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئۇنى پاكلىققا قايتۇرىدۇ.



## پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسى دوست بولغان ۋاقىتتا

پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسى چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپتۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن، ياشىغان ئۇچۇن ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلگەنلىكىدىن بولغانىكەن.

ھەسەل ھەرىسى ئەڭ تاتلىق ھەسەللىرى بىلەن دوستلىرىنى كۈتۈۋالىدىكەن. پىل داۋاملىق سىپايە رەت قىلىدىكەن. ئۇ «سىلەر ئېجتىھات بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئېرىشكىنىڭلارنى ئۆزۈڭلار بەھرىمەن بولغاندىن سىرت، سۆيۈملۈك ھەسەل ھەرىسى باققۇچىغا كۆپرەك بېرىڭلار. ئۇلار بۇنىڭغا ھەقلىق» دەيدىكەن.

پىل ئېغىر ياغاچلارنى توشۇۋاتقان ۋاقىتتا، ھەسەل ھەرىسى يولدىن ئۆتكەچ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ «ۋىڭ- ۋىڭ» قىلىپ يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ، ياخشى دوستىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، كۈچىگە كۈچ قوشىدىكەن.

پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ دوستلۇقى قىزىق پارلاق سۆيۈمتۇرە ھەممە يەرگە تارقىلىپتۇ. بىر سېمىز ئىت ئېيىق بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالايتەن پىلنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن ھەسەل ھەرىسى بىلەن دوست بوپسەن، بۇ راستمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئەزەلدىن بۇنى مەخپىي تۇتمىدىم،— دەپتۇ پىل يۇمۇرلۇق جاۋاب بېرىپ.

— سەن مۇشۇ بويۇڭ بىلەن، ھەتتا مەندىن نەچچە ھەسسە چوڭ تۇرۇپ، كىچىككىنە بىر ھاشارەت بىلەن دوست بولساڭ، كىشىنىڭ يۈزى چۈشمەمدۇ،— دەپتۇ ئىت ئېيىق ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ، ئارقىدىن يۇقىرى ئاۋازدا،— مەن بىر چوڭ ھايۋان بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ساڭا نەسىھەت قىلاي، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولغىن.

— مۇمكىن ئەمەس،— دەپتۇ پىل كەسكىن قىلىپ.— مەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ پەزىلىتىگە قايىل، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن. بۇنداق دوستۇم بولسا مېنىڭ ئابرۇيۇم چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە مەن شەرەپ ھېس قىلىمەن.

ئىت ئېيىق پىلنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، ئالدىراپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، پىل يېقىن ئەتراپتىكى غۇلغۇلا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال ئۇ يەرگە بارغىنىدا، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غەزەپلەنگىنىدىن: «بۇ ھەسەل ئوغرىسىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرەيلى، بۇ پەسكەشنى ئەمدى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ ۋارقىرىشىپ، بىر زور مەخلۇقنى قوغلاپ چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قاتتىق ھۆركىرىگىنىچە،

ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، خارتۇمى بىلەن ئۇ ئەبلەخنى يوگىگىنچە يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورۇغاندا، كۆپچىلىك پاتقاقتا مىلىنىپ ياتقىنى ئەسلىي دەل ھېلىقى پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ دوستلۇقىغا كۈچەپ قارشى تۇرغان باش رولچى ئىت ئېيىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

【تەسرات】

## ياخشى دوست تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

مۇنداق بىر ناخشا بار: «ئاداش، ئاداش بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى......». لېكىن، بىز قانداق ئادەمنى ئۆزىمىزگە دوستلۇققا تاللىساق بولىدۇ؟ «پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسى دوست بولغان ۋاقىتتا» دېگەن بۇ مەسەلدىكى پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ دوست بولغان ۋاقىتتىكى ھېكايىسى بىزگە بۇنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ھەممىمىز بىلىمىز، جۇغى كىچىك ھەسەل ھەرىسى ھەممىدىن بەك ئەمگەكچان، جۇغى چوڭ پىلدا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان پەزىلەت بار، ھەر ئىككىسى ياخشى ھايۋانلار. پىل ۋە ھەسەل ھەرىسىنىڭ «قىزىقىشى ئوخشاش» بولۇپ، «چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان»، بىز ھەممىمىز بۇ بىر جۈپ ياخشى دوستنىڭ دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشى-

شنى تىلەيمىز. لېكىن، ئىت ئېيىق بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، پىلنىڭ ئالدىدا ھەسەل ھەرىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا پىل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ دوست بولۇشىنى «كىشىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەنلىك»، خۇددى ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن ئادەمگە قارىغاندا، ئادەمنى سىڭايان كۆرۈپ قالغاندەك ئىش دەپ قارايدۇ. بىراق، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىكى، پىل بىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمىزغا ئوخشاش ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. كېيىن كۆپچىلىك ئىت ئېيىقنىڭ ئەسلىدە بىر ھەسەل ئوغرىسى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، بىز زادى كىم بىلەن دوست بولسا ھەقىقىي يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز.

بۇ مەسەل بىزگە دوست تاللىغاندا ئاق كۆڭۈل، دۈرۈس، قەلبى گۈزەل كىشىلەرنى تاللاشتىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



بۇ كىتاب جۇڭگو دەۋر ئىقتىساد نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据中国世代经济出版社2006年1月第1版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھېكىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى (1)

**ئابلەت مەمەت**

تەرجىمە قىلغۇچىلار: **ئەنۋەر ئوبۇل**
**قەلبىنۇر ھەسەن**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ. پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 م م 1/32 ، باسما تاۋىقى: 5.5
2010- يىل 6-ئاي 1- نەشرى
2010- يىل 6- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3000

ISBN 978-7- 5373-1835-8
ئومۇمىي باھاسى: 35.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998_2290930

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

بۇ كىتابقا مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقەت

## ئاتا - ئانىلارغا بايلىق

## بالىلارغا ھەمراھ

ISBN 978-7-5373-1835-8

9 787537 318358 >

总定价：35.00元

11.00 يۈەن